# گەپ قىلغىلى بولمايدىغان دەۋر

مۇندەرىجە


1. گەپ قىلغىلى بولمايدىغان دەۋر (مويەن)........................2 ـ بەت

2. تۇرپان قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرۇشنىڭ ئۆتمۈشى (سۇڭ شىلىيەن)...........49 ـ بەت

3. بوزلاۋاتقان ئانا تىلىم (ئۆزباش)..............................78 ـ بەت

4. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى كىملەر پۇچەكلەشتۈرۋاتىدۇ (ئۆزباش)............84 ـ بەت

# گەپ قىلغىلى بولمايدىغان دەۋر

(ئازادلىق ئارمىيە سەنئەت ئىنستىتۇتىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق)

مويەن

ئىمىن ئەخمىدى تەرجىمىسى

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2013 ـ يىللىق 1 ـ 2 ـ سانىدىن ئېلىندى

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۆمۈرنىڭ قىسقىلىقىنى ھەر قانداق ئادەم ھېس قىلالايدۇ. ئادەم 50 تىن ئاشقاندىن كېيىن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەشكە ئامراق بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە مەنمۇ 80 ـ يىللاردا ئازادلىق ئارمىيە سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان ئىككى يىلنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ ئىككى يىل مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان ئىككى يىل ئىدى. ھەتتا بۇ ئىككى يىلنى مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بۆلۈمىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى دېيىشكىمۇ بولاتتى.

گەرچە بىز شۇ چاغدا ئىنستىتۇتتىكى ئۆگىنىشنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلمىغان، شۇ چاغدىكى ئەدەبىيات ئىجادىيەت مۇھىتى ئۈستىدىن غۇتۇلداپ يۈرگەن، بەزىلەرنىڭ بۇ ۋاقىتنى ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدىكى ئالتۇن دەۋر دېيىشلىرىدىن بىزار بولغان بولساقمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى تۇپەيلى ئويلاپ قاراپ، ئۇ ۋاقىتنىڭ ھەقىقەتەن ئالتۇن دەۋر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

بۇگۈن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى 80 ـ يىللارنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى. دەرۋەقە، ئۇ چاغلاردا ئەدەبىيات جەمئىيەتنىڭ قىزىق نۇقتىسى بولۇپ قالغان، يازغۇچىلار قالتىس ئەتىۋارلىنىدىغان، ناتونۇش بىرسى بىر ھېكايە بىلەنلا داڭلىق شەخس بولۇپ كېتىدىغان ئىشلار بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغدىكى ئىنستىتۇت ئەدەبىيات فاكۇلتېتىمۇ ئېلىمىزدىكى ئەدەبىياتنىڭ قىزىق نۇقتىسى ئىدى. ئىنستىتۇت ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئىش بىر كېچىدىلا ئەدەبىيات مۇنبىرىگە پۇر كېتەتتى.

شۇ چاغدا بىزنىڭ فاكۇلتېتتا ھەرقايسى ھەربىي رايوننىڭ ئەسكىرىي تۈرلىرىدىن كەلگەن 35 نەپەر يازغۇچى جەم بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ياش پەرقى نىسبەتەن چوڭ ئىدى. لى سۇنباۋ قىرىققا يېقىنلاپ

قالغان، ئەڭ ياش دېگەنلىرىمۇ يىگىرمە يەتتە ـ سەككىزلەردە ئىدى. ئوقۇش تارىخىنىڭ تەكشى بولمىغانلىقىغا قارىماي، ھەممىيلەن خېلى ئۇزاق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى باشتىن كەچۈرگەن، خېلى كۆپلىرى مەملىكەت ئىچىدە زور تەسىر پەيدا قىلغان ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغانىدى. لى سۇنباۋنىڭ پوۋېستى «تاغ باغرىدىكى گۈل چەمبىرەك»، شۇڭ شوۋۇنىڭ ھېكايىسى «سالام ئانا»، چيەن گاڭنىڭ ئەدەبىي ئاخباراتى «ھاۋارەڭ ئارمىيە قوماندانى» مەملىكەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىدى.

مۇشۇنچىۋالا ئادەم ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا بولغاچقا، كۆپچىلىكنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە تۈرتكە بولاتتى، بىر ـ بىرىنى رىغبەتلەندۈرەتتى. مۇشۇلارغا كۆرە، دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىنادا ئۈزۈكسىز رەۋىشتە ئەسەر ئىشلەپچىقىرىلاتتى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ژۇرنال تەھرىرلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئۇلار كېلىپلا قالسا بىر نەرسىگە ئىگە بولاتتى، قۇرۇق قول قايتىپ كەتمەيتتى.

ئۇ چاغلاردا كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان باشقا ئىشمۇ يوق ئىدى. خىيال سۇرۇپ ئولتۇرۇپ كېتىشمۇ ھاجەتسىز ئىدى. تور يوق ئىدى، ھەتتا نۇسخىلاش ماشىنىسىمۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا بىرەر پارچە ئەسەر يازساق، نۇسخىلاش ماشىنىسى تېپىپ نۇسخىلىۋېلىشمۇ تەسكە توختايتتى. شۇڭا كۆچۈرىدىغان چاغدا، ئۈچ ـ تۆت نۇسخىنى تەڭلا كۆچۈرۈشكە، مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ تۇرۇپ ئورگىنالنى ئېلىپ قېلىشقا توغرا كېلەتتى.

ئىنستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان بۇ ئىككى يىل جەريانىدا، ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدىكى كۆزقاراشنى ھەل قىلىۋېلىش بىز ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش بولغانىدى.

1984 ـ يىلى گەرچە ئىسلاھات ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغانغا بىرنەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات ساھەسىدە يەنىلا بىر مۇنچە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن قاتمال كۆز قاراشلار مەۋجۇت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كۆزقاراشلار نەچچە ئون يىل مابەينىدە شەكىللەنگەن بولغاچقا، ئۇنى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ۋەيران قىلىش تازا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. شۇ چاغدا كۆپچىلىك ئىدىيە ئازاد بولمىدى، ئەركىن ـ ئازادە مۇھىت يوق دەپ ئاغرىناتتى. كېيىنچە ئويلىسام، يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ زور چەكلىمىنىڭ ئەمەلىيەتتە سىرتتىن كەلمەيدىغانلىقى، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى

قىسمىمىزدىن كېلىدىغانلىقى، كاللىمىزدىكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەزەلى قاتمال كۆزقاراشلارنىڭ ئىدىيەمىزنى چەكلەپ قويىدىغانلىقى، پۈت - قولىمىزنى چۇشەپ قويىدىغانلىقى، ئىجادىيىتىمىزگە تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئىنستىتۇتتا ئالدى بىلەن ھەل قىلىغان بىر چوڭ مەسىلە دەل ئەدەبىيات ئىجادىيىتى بىلەن سىياسىي تەشۋىقات ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەل قىلىش بولغانىدى.

ئېلىمىزدە ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئەدەبىيات ئىجادىيىتى سىياسىيغا، ۋەزىيەتكە ماسلىشىش تەكىتلىنىپ كەلدى. ئەدەبىيات تەشۋىقات سايمىنىغا، مۇئەييەن بىر ۋاستىغا ئايلاندى. دۆلەتتە بىرەر چوڭ ھەرىكەت قوزغالغان ھامان، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەر يېزىپ ماسلىشىشى لازىم بولدى. ھالبۇكى، يازغۇچىلار بىلەن شائىرلاردىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىدىغان مۇشۇنداق ئاڭ بار ئىدى.

مەن ئىنستىتۇتقا كېلىشتىن ئىلگىرى يازغان «قارا ساھىل» ناملىق ھېكايە ئىنستىتۇتقا كېلىپ بىرىنچى مەۋسۇمدا ئېلان قىلىندى. شۇ چاغدا «ئازادلىق ئارمىيە ئەدەبىيات - سەنئىتى» دىكى بىر تەھرىر قولىقىمغا پىچىرلاپ تۇرۇپ، دەرھال پارتىيەنى تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتى باشلىنىدىغانلىقىنى، بۇ ھېكايىنىڭ پارتىيەنى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا ياردەمچى دەرسلىك بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئوقۇپ بېقىشىغا ئەرزىيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. مەنمۇ ئۇ چاغدا بۇنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلمىغانىدىم، ئەكسىچە خوشال بولغان، بۇ ھېكايىنىڭ پارتىيەنى تەرتىپكە سېلىشتا ياردەمچى دەرسلىك بولۇپ قېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەنىدىم.

ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن كۆزقاراشلىرىمدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى تۇيدۇم. بىز ھەممەيلەن مۇشۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان بولغاچقا، سىياسىي بىلەن ئەسرار بولۇشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرالمايتتۇق. سەن سىياسىيغا كۆڭۈل بۆلمىگىنىڭ بىلەن، سىياسىي ساڭا كۆڭۈل بۆلەتتى. بولۇپمۇ ئەدەبىيات ئىجادىيىتى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئالغاندا، ئۇنىڭدىكى سىياسىيدا يۈز بېرىۋاتقان بەزى ئۆزگىرىشلەرگە بولغان ھېسسىيات ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر بولۇشى كېرەك ئىدى. يازغۇچىنىڭ سىياسىيدىن ئايرىلىشى دەرۋەقە ئاقمايدىغان گەپ ئىدى.

ئەدەبىيات ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئۆزاق ۋاقىتقىچە سىياسىينىڭ گۆپپاڭچىسى، تەشۋىقاتىنىڭ قورالى بولدى. ئۇ شۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزى ھېكايىلىرىمىزنىڭ ياكى شېئىرلىرىمىزنىڭ سىياسىينىڭ سىياسىيدا تۆرىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. مۇشۇ تۈپەيلى، بىز يازغان ھېكايىلار خېلى ۋاقىتقىچە سىياسىيدىن كىچىك بولۇپ كەلگەچكە، سىياسىينىڭ شاكىلىغا يۆگىلىپ كۆن ئۆتكۈزدى. ھالبۇكى، ھەقىقىي ئەدەبىيات، ياخشى ئەدەبىياتنىڭ سىياسىيدىن چوڭ بولۇشى، سىياسىينى بۆسۈپ چىقالايدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ سېپى ئۆزىدىن سىياسىي بولدى، لېكىن سىياسىيغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشاپمۇ كەتمىدى.

## ئىنسان تەبىئىتى ئەمەلىيەتتە سىنىپىيلىكتىن چوڭ

ئىنستىتۇتتىكى ئىككى يىللىق ئوقۇش جەريانىدا مەن قىلىۋاتقان يەنە بىر ئىش ئەدەبىيات بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى بولدى. بىز كىچىك چاغدا ماۋجۇشى يازغان «جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى سىنىپىي قاتلاملار ئۈستىدە تەھلىل» نى يادلىغان، ماۋجۇشى بۇ كىلاسسىك ھۆججەتتە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كۈچىنى، ئىنقىلابىنىڭ ئوبىيېكتىنى، ئىنقىلابىنىڭ دۈشمىنى ۋە ئىنقىلاپ ئىتتىپاقلىشىدىغان دوستلارنى ئىقتىسادىي نۇقتىدىن تەھلىل قىلغانىدى، بۇ ماقالە خېلى ئۇزاققىچە جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي قۇرۇلۇشىغا، شۇنداقلا يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت بولغانىدى. «ئون يەتتە يىللىق» ھېكايىچىلىقىمىزدىن يازغۇچىلارنىڭ شىرەسى ئۈستىگە ماۋجۇشىنىڭ مۇشۇ ماقالىسى تىزىقلىق تۇرغانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ ماۋجۇشىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈپ تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ھەر خىل پېرسوناژلارنى تەپەككۇر قىلغانلىقىنى، ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى ياكى روشەن ھالدا ھېس قىلغىلى بولاتتى. خاۋرەن ئەپەندى يازغان «++»، «++» قاتارلىق ئىككى رومانىدا خاۋرەن ئەپەندىنىڭ پېرسوناژلىرى بىرسى قالماي دېگۈدەك ماۋجۇشى تەھلىل يۈرگۈزگەن ھەرقايسى سىنىپ قاتلاملار بويىچە تەپەككۇر قىلىنغانىدى، مۇنداق پېرسوناژلارنى تۇرمۇشتا پۈتۈنلەي مەۋجۇد ئەمەس دېگىلىمۇ بولمايتتى. لېكىن كۆز قاراش ئالدىدا ماڭغان بولغاچقا، ئۇلار جانلىق، ئىندىۋىدۇئاللىقا ئىگە، تىرىك پېرسوناژلاردىن ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە مۇئەييەن كۆزقاراش بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان ئۆلۈك پېرسوناژلاردىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچى يوق ئىدى، شۇڭا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايتتى. ماۋجۇشى: «سىنىپىي جەمئىيەتتە ھەربىر ئادەم مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئورۇندا

تۇرمۇش كەچۈردۇ، سىنىپىي تامغا بېسىلمىغان ھېچقانداق ئىدىيە بولمايدۇ» دېگەندى. ئۇنىڭ بۇ ھۆكۈمى مۇئەييەن دەرىجىنى ئېلىپ سۆزلىگەندە راستلا ھەقىقەت ئىدى. لېكىن ئەدەبىي ئىجادىيەتمىزگە مۇشۇنداق بىر ئىدىيە ئارقىلىق چورتلا ھۆكۈم قىلىنسا ياكى يېتەكچىلىك قىلىنسا، ئەلۋەتتە ھەددىدىن زىيادە چاكىنىلىق بولاتتى. چۈنكى ئادەمنىڭ ئىدىيەسى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ رەڭگارەڭ قاتلامغا ئىگە ئىدى. ئادەملەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدىكى، ئوخشاش بولمىغان باسقۇچتىكى، ئوخشاش بولمىغان سىياسەت ئاستىدىكى ئىپادىسى ھەققىدە ئوخشىمىلا بىرنەرسە دېگىلى بولمايتتى. مۇشۇلارغا كۆرە، ئادەملەرنىڭ جىمىكى قىلمىشىنى، جىمىكى ئىدىيەسىنى سىنىپىيلىك ئىچىگە يىغىنچاقلاش ئەلۋەتتە مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئەمەلىيەتتە سىنىپىيلىكتىن چوڭ ئىدى. چۈنكى ئادەمنىڭ خاراكتېرى ھېچبولمىغاندا مۇنداق ئىككى قاتلامدىن يەنى ئۇنىڭ تەبىئىي تەۋەلىكىدىن ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەۋەلىكىدىن تەركىب تاپاتتى. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەۋەلىك قاتلىمىدا سىنىپىيلىك يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ دېيىشكە بولغان تەقدىردىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەبىئىي تەۋەلىكى جەھەتتە، سىنىپىيلىكنىڭ ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىنى چەتكە قاققىلى بولمايتتى.

ئادەمگە نىسبەتەن ئالغاندا، ئۇنىڭ قايسى سىنىپتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ تەبىئىي تەۋەلىكىدە نۇرغۇن ئوخشاشلىقلار بولاتتى ئەلگىرى «سىنىپىي جەمئىيەتتە سەۋەبسىز نەپرەت بولمايدۇ، سەۋەبسىز مۇھەببەتمۇ بولمايدۇ» دەيدىغان مەشھۇر بىر جۈملە سۆز بار ئىدى. ئادەتتىكىچە سۆزلىگەندە، ھەممەيلەن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تىكى جىياۋ دا دېگەن كىشى لىن دەييۈنى ياخشى كۆرەلمەيدۇ — دەيدىغان. ئاڭلىماققا بۇنىڭغا ئۇنداق ئەمەس دەپ رەددىيە بەرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئالغاندا بۇ گەپنىڭ توغرا بولۇشىمۇ ناتايىن ئىدى. چۈنكى جىياۋدانىڭ لىن دەييۈنى ياخشى كۆرمەسلىكىمۇ ناتايىن ئىدى. ئۇنىڭ لىن دەييۈنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. **1949** ـ يىلى ئازادلىق ئارمىيەمىز شەھەرلەرگە كىرگەندىن كېيىن، ئائىلە كېلىپ چىقىش جىياۋداغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرمۇنچە ئادەملەر چىرايلىق قىزلارنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ جەھەتتىن ئالغاندا،

ئىنساننىڭ تەبىئىيەتى، كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى سىنىپىيلىكتىن چوڭ، ئىنسان تەبىئىتى بىز دەۋاتقان سىنىپىيلىقتىن چوقۇم رەڭدار بولىدۇ.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى ئەدەبىياتىمىز ئاساسلىقى ئادەمنىڭ سىنىپىيلىكىنى ئىپادىلىدى. ئادەمنىڭ تەبىئىي تەۋەلىكىگە سەل قارىدى. ئەلۋەتتە، بۇ يازغۇچىلار ئۆزى خالاپ قىلغان ئىش ئەمەس. ناھايىتى كۆپ يازغۇچىلار ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا، غەرەزسىز ھالدا ئىنسانىيەتتىكى بەزى ئورتاقلىقنى يازدى. ئائىلىۋى، ئۇلار مۇھەببەتنى، ھېسداشلىقنى، ئىچ ئاغرىتىشنى قىز - يىگىتلەردىكى تاتلىق تۇيغۇلارنى ئىپادىلىدى. ھالبۇكى، بۇ نەرسىلەر ئۆز ۋاقتىدا قاتتىق تەنقىد قىلىنىدىغان نەرسىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ يازغانلىرى مۇشۇنداق بولغان ياكى مۇشۇنداق نەرسىلەرگە چېتىشلىق بولۇپ قالغان ھامان، ئۇلارنىڭ بېشىغا بۇرژۇئازىيە ئىدىيەسى دېگەن قالپاقلار كىيگۈزۈلدى. بىرمۇنچە يازغۇچىنىڭ تالانتى مۇشۇ تەرىقىدە بېسىلىپ قالدى.

مۇشۇنداق ئىجادىيەت مۇددىئاسىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى يېزىقچىلىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى «ئىنقىلابىي ئۈلگىلىك تىياتىرلار» دا تېخىمۇ ئەدەپ، يۇقىرى پەللىگە چىقتى. بۇ يەردە ئولتۇرغان ياش ساۋاقداشلار بۇ نەرسىلەرنى كۆرمىگەن، لېكىن بىز ياش ۋاقتىمىزدا بۇ نەرسىلەرنى ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرەتتۇق. مېنىڭ يېشىمدىكىلەرنى ئالساق، ھەممەيلەن دېگۈدەك ئۈلگىلىك تىياتىرلارنى ئېيتىشنى بىلەتتى، باشتىن - ئاياغ ئېيتالايدۇ دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيتتى. بۇ ئەسەرلەردىكى، جۈملىدىن شۇ چاغدا نەشر قىلىنغان يوقنىڭ ئورنىدىكى بىرنەچچە روماندىكى باش پېرسوناژلار كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھەممىسى سالتاڭ ئىدى. ئەر - خوتۇن پېرسوناژلار ناھايىتى ئاز ئىدى. ئەرلەرنىڭ خوتۇنى بار - يوقلۇقىنى بىلگىلى بولمايتتى. خوتۇنلارنىڭ ئائىلىۋى ئاچىلى ساۋىنىڭ ئېرى بار دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ نەلەرگە كەتكەنلىكى نامەلۇم ئىدى. «لۇڭجياڭغا مەدھىيە» دىكى جياڭ شۈيىيىڭ ئوتتۇرا ياشلارغا بارغان چوكان تۇرۇقلۇق، ئۇمۇ سالتاڭ ئىدى، ئۇنىڭ ئېرىنىڭمۇ نەگە كەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى. بۇ ئەسەرلەردىكى باش پېرسوناژلار بەجايىكى ھاۋايى - ھەۋەستىن مۇستەسنا ئىدى، بىر - بىرىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئۇلاردا ناز - كەرەشمە، مۇھەببەت دېگەنلەر تېخىمۇ يوق ئىدى. ئۇلاردا بار بولغىنى پەقەتلا يۇكسەك سىنىپىي ئاڭ، تەلۋىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۈرەش روھىلا ئىدى. سەلبىي

پېرسوناژلار تېخمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇلاردا ئادىمىيلىكتىن ئىبغىز ئاچقىلى بولمايتتى، ئۇلارنىڭ قەلبى مەينەت، روھى پاسكىنا بولۇپلا قالماي، چىرايىمۇ ئىنتايىن بەدبەشىر ئىدى. شۇ چاغدىكى كىنولارنى كۆرگەن ئىككى ياشلىق بالىلارمۇ بىرلا قاراپ كىمنىڭ بۇزۇق ئادەم، كىمنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. مېنىڭچە مۇنداق بىر تەرەپ قىلىش چاكىنىلىق ئىدى. كۆپ قاتلاملىق ئادەملەر ئاددىي يوسۇندىلا ياخشى ئادەم بۇزۇق ئادەم دەپ چاكىنىلاشتۇرۇۋالاتتى.

1978 ـ يىلىدىن كېيىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق ئوڭشىلىشقا يۈزلەندى. لېكىن كونا كۆز قاراشلار يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىگە بىلىنەندۈرمەي تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغاچقا، ئىجادىيەتتىكى ئىېچۈپتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىنتايىن تەس ئىدى. مۇشۇ تۈپەيلى، ئوخشاش بولمىغان ئەسەردىن بىرەرسى جەمئىيەتكە چىققان هامان تەنقىد دولقۇنلىرىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، مەنىۋى بۇلغىنىشنى تازىلاش دەيدىغان هەرىكەتلەر ئۈزۈكسىز قانات يايدۇرۇلۇپ تۇرغاچقا، يازغۇچىلارمۇ بۇ يىل ئەتىيازدىكى ماگنولىيە گۈلىدەك ئېچىلغۇسى كەلسىمۇ ئېچىلالمايدىغان ئەھۋال مەۋجۇد ئىدى. تەبىئەت ئىللىپ قالدى، ئەمدى ئېچىلساق بولىدۇ دېگەن گۈللەر، تۈيۈقسىز كەلگەن جۇدۇندا ھەش ـ پەش دېگۈچىلا سولۇشۇپ قالاتتى بىرنەچچە قېتىم كۈچەپ باقاتتىيۇ، تۈگۈلگەن پېتى ئىنىگە كىرىپ كېتەتتى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا «ئاي ـ دالادىكى ئوت ـ چۆپ» دەيدىغان بىر ھېكايە ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، كەمبەغەل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، پىرولېتارىيات لاگېرىغا تەئەللۇق بىر تۈل ئايالنىڭ گومىنداڭ ئارمىيەسىدىكى بىر ياربدار ئەسكەرنى تېپىۋېلىپ، گەمىدە قوغداپ قالغانلىقى يېزىلغانىدى. مۇنداق ئىش ئۇرۇش يىللىرى راستىنلا سادىر بولىدىغان ئىشلاردىن ئىدى. مۇنداق ئىش چوقۇم بار ئىدى. يازغۇچى ھېلىقى ھېكايىنى يېزىشتىن بۇرۇنمۇ مەن ئاڭلىغان ئىشلاردىن ئىدى. لېكىن، ھېكايە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تەنقىد ئەۋجىگە چىقتى، ھېكايە ناھايىتى كۆپ ئادەملەر تەرىپىدىن تەنقىد قىلىندى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، بۇ ھېكايە سىنىپتىن ھالقىغان ئادەم تەبىئىتىنى، بۇرژۇئازىيەنىڭ ئادەم تەبىئىتىنى مەدھىيەلىگەنىدى. پىرولېتارىياتقا، گوڭچەندەڭغا تەئەللۇق بىر تۈل ئايال گومىنداڭنىڭ ياربدار بولغان ئەسكىرىنى ئۆيىدە باقسا قانداق بولغىنى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە

يازغۇچىمۇ بۇ ئىشنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغايدىغان قىلىپ يازغان، يېزىپ - يېزىپ، بۇ ئىككىيلەن ئىچپەش تارتىشىپ، بىر - بىرىگە ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالغان. ناۋادا باشقا بىر ئىشمۇ يۈز بېرىپ قالسا، تېخىمۇ بىدئەتلىك بولامدۇ! ناۋادا بالا تۇغۇلۇپ قالسا، بۇ بالىنىڭ خاراكتېرىنى قانداق بېكىتىش كېرەك؟ پرولېتارىياتنىڭ بالىسى دەيمىزمۇ ياكى بۇرژۇئازىيەنىڭ بالىسى دەيمىزمۇ؟ ياخشى بالا دەيمىزمۇ، يامان بالا دەيمىزمۇ؟ قانداشلىق دېگەن مۇرەككەپ مەسىلە، ئاسانلا بىر نېمە دېمەك تەس. بىزگە مەلۇم بولغىنى، بۇ ئەسەرمۇ ئوخشاشلا ھەددىدىن زىيادە چاكىنىلاشتۇرۇلغان ئىدى. بۇ يەردىمۇ مۇددىئا ئالدىدا باشلاپ ماڭىدىغان ئىش يۈز بەرگەندى. لېكىن يازغۇچىنىڭ مۇشۇنداق يېزىشىنىڭ ئۆزى شەك - شۈبھىسىزكى بۇرۇنقى نوقۇل قاراشلار ۋە نوقۇل ئىنسان تەبىئىتىگە ئېلان قىلىنغان رىقابەت ئىدى. شۇنداقلا ئۇ بىزنى مۇشۇ جەرياندا ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ رەڭدارلىقى ھەققىدە يېڭى تونۇشقا ئىگە قىلغان، ئەدەبىياتنىڭ ئىنساننىڭ سىنىپىي تەۋەلىكىگە ئەمەس، بەلكى تەبىئىي تەۋەلىكىگە تېخىمۇ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى لازىملىقىنى تونۇتقان ئىدى.

## يازغۇچىدا چەكلەنگەن رايوندىن بۆسۈپ چىقىش ئارزۇسى بولۇش كېرەك

ئېسىمدە قېلىشىچە مەكتەپ بىر قېتىم بىزگە يېزىقچىلىق مەشقى ئىشلەشنى تاپىلىدى. مەن جۇڭگونىڭ نۆۋەتتىكى ئارمىيە ئەدەبىيات ئىجادىيىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىمنى يېزىپ باقتىم. ئىككى كۈن ئىلگىرى شۇ جايدا يازغىنىمنى ئېلىپ ۋاراقلاپ كۆرۈپ، بەزى خىياللىرىمنىڭ ھېلىمۇ كارغا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

مەن شۇ چاغدا، ئۇرۇش ھەققىدە يازماقچى بولغانلار ئارمىيەدىكى يازغۇچىلاردىن بولغىنى ئۈچۈن، نېمىنىڭ ھەققىي ئۇرۇش، نېمىنىڭ ھەققىي بولمىغان ئۇرۇش ئىكەنلىكى ئۈستىدە چوقۇم توغرا ھۆكۈم چىقىرىش كېرەك، قانداق قۇربان بولۇشنىڭ ئەرزىيدىغانلىقى، قانداق قۇربان بېرىشنىڭ ئەرزىمەيدىغانلىقى، قانداق قەھرىمانلىقنىڭ ھەققىي قەھرىمانلىق بولىدىغانلىقى، قانداق قەھرىمانلىقنىڭ بىھۇدە قۇربان بېرىش بولىدىغانلىقى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىش لازىم دېگەنلەرنى تىلغا ئالغانىدىم. يازغۇچى بولغان ئادەم ئارمىيە ئەدىبىياتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئۆزىنى ھەر مىنۇت - ھەر دەقىقە سەگەك تۇتۇشى، چاكىنا سىنىپىيلىك، چاكىنا ھەققانىيلىك ياكى غەيرىي ھەققانىيلىك پەردىسىگە

چۈمكىلىپ قالماسلىقى، ئۆزى يازماقچى بولغان ئەسەرگە يېڭى ئىدىيە بېرەلىگەن بولۇشى، ئادەملەرنىڭ باشقا تەۋەلىكىگىمۇ بوشلۇق قالدۇرغان بولۇش لازىم ئىدى.

بىز ئىجابىي پېرسوناژلارنى ياراتقان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىنى، قەھرىمانىڭمۇ ئاجىز چاغلىرى بولىدىغانلىقىنى، ياخشى ئادەمنىڭمۇ رەزىل خىياللارغا كېلىپ قالىدىغانلىقىنى، ھەتتا بەزىدە ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق سالاھىيىتىگە ياراشمايدىغان ئىشنىمۇ قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئويلىشىمىز لازىم. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ياخشى ئادەم ھەرقانداق چاغدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ. سەتلىكنى، رەزىللىكنى ھەققانىيلىك، ئاقكۆڭۈللۈك، گۈزەللىككە تايىنىپ كونترول قىلالايدۇ، ئاخىرغا بارغاندا ئادىمىيلىك ئارقىلىق ھايۋانىيلىقنى بېسىپ چۈشەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، بىز سەلبىي پېرسوناژلارنى يازغاندىمۇ، بۇزۇق ئادەملەرنىڭ تۇخۇمدىنلا بۇزۇق بولمايدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. جەڭ مەيدانىدا ياخشى ئادەم بىلەن ئەسكى ئادەمنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ، لېكىن تارىخىي تەرەققىياتقا ئەگەشكەن ھالدا ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن كۆزىتىشكە توغرا كەلگەن، ياخشى ئادەم بىلەن ئەسكى ئادەمنىڭ چەك-چېگراسىنىڭ خىرەلىشىپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق. ئەگەر بىز كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭدىن ئىبارەت ئىككى پارتىيە ئارىسىدىكى ئۇرۇشنى ئەمدى يازساق، 80-يىللاردىكىدەك زىيادە گەپلەرنى قىلمايمىز. 50-يىللاردىكىدەك بەھۇزۇر يېزىۋېرىدىغان ئىشنى تېخىمۇ قىلالمايمىز. دەۋر ئالغا باستى. ئۆز ۋاقتىدا تاياق-توقماق كۆتۈرۈپ ئېلىشىدىغان دۈشمەنلەر ئەمدىلىكتە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ئەپلىشىپ قالدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، 1998-يىلى تۇنجى قېتىم تەيۋەن زىيارىتىگە بارىدىغان چېغىمدا گوۋۇيۇەننىڭ تەيۋەن ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى رەھبەرلەر بىزگە دەرس سۆزلەپ، تەيۋەنگە بارغاندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ پارتىيە بايرىقى ئاستىدا ياكى گومىنداڭنىڭ بەلگىسى بار بىنالارنىڭ ئالدىدا سۈرەتكە چۈشمەسلىكنى؛ گومىنداڭنىڭ تەيۋەندىكى ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇلارنىڭ مەنسەپ نامىنى قەتئىي ئېغىزدىن چىقىرىشقا بولمايدىغانلىقىنى، شەھەر باشلىقىنى شەھەر باشلىقى دەپ ئاتىماي — چۈنكى ئۇلار قورچاق شەھەر باشلىقى — ئەپەندىم دەپ چاقىرىش لازىملىقىنى ئەسكەرتتى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ مەسىلە تولىمۇ بىمەنە! كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭ يېڭىباشتىن ياخشى دوستلارغا ئايلاندى، بىللە ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشەلەيدىغان بولدى. ھەر ئىككى تەرەپ سۆھبەتتىكى رەقىبلەردىن بولۇپ قالدى.

دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش پارتىيەسى پەيدا بولغاندىن كېيىن، يەنىلا گومىنداڭ ياخشى ئىكەن دەيدىغان بولۇپ قالدۇق. ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمىدىغۇ! ئەينى يىللاردا بىز گومىنداڭنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايمىساق بولدى قىلمايتتۇق، ئۇلارنىڭ پارتىيە بايرىقىنى «ئىتنىڭ چىشى» دەپ ئاتايتتۇق. چۈنكى بايراقتىكى گىرىبنىڭ چۆرىسىدىكى چىشلىك چاق ئىتنىڭ چىشىغا ئوخشايتتى. ئۇلارنى «جىياڭ جىيېشى باندىتلىرى» دەيتتۇق، ئۇلارمۇ بىزنى ئايىمايتتى، بىزنى «گۇڭچەنداڭ باندىتلىرى» دەيتتى. ئەمدىچۇ، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە بارغانسېرى بىر تۇغقان ئاكا ـ ئۇكىلاردەك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ!

تەيۋەندە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى نۇرغۇن بۇرادەرلەر بىلەن ئەسرار بولۇشقا توغرا كەلدى. ئۇلارمۇ قىسمىدا ئەسكەر بولۇپ باقىان بولغاچقا، ئۆزئارا ئارمىيە ناخشىسىنى تۇۋلىغان بولدۇق. مەن بىزنىڭ ئازادلىق ئارمىيەمىزنىڭ ئارمىيە ناخشىسىنى ئېيتتىم، ئۇلار گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئارمىيە ناخشىسىنى ئېيتتى. مىلودىيە بىلەن نۇرغۇن سۆزلەر ئوخشاش ئىدى. گۇڭچەنداڭ باندىتلىرى دېگەننى جىياڭ جىيېشىنىڭ باندىتلىرى دەپ، جىياڭ جىيېشى باندىتلىرى دېگەننى گۇڭچەنداڭ باندىتلىرى دەپ ئالماشتۇرسىمۇ بولۇۋېرىدىغان دەرىجىدە ئىدى. ئۇلارمۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ ئېيتاتتى. مىسرالاردا نەيزە، گىرانات ئاتالغۇلىرى، گۇڭچەنداڭ باندىتلىرىنى قەتئىي يوقىتايلى، گۇڭچەنداڭ باندىتلىرىنىڭ قېنىنى ئىچەيلى، ئۇلارنى قىيما ـ قىيما قىلىۋېتەيلى دەيدىغان سۆزلەر بار ئىدى. بىزمۇ بىر تاجاۋۇزچىنى بىر ئوق بىلەن جەھەننەمگە ئۇزۇتۇپ قويىدىغانلاردىن ئىدۇق. شۇڭا دەيمىزكى، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى ئۆتمۈشتىكى بىر تالاي جىددىي مەسىلىلەرنى كۈلكىلىك نەرسىگە ئايلاندۇرىۋەتكەنىدى.

80 ـ يىللاردا بۇ مەسىلىگە ھازىرقىدەك يەڭگىلتەكلىك قىلىشقا بولمايتتى. ئۇ چاغلاردا تەيۋەن دېگەن گەپ تىلغا ئېلىنغان ھامان خۇددى دۈشمەنلەر بۇرنىمىزنىڭ ئاستىغىلا كېلىپ قالغاندەك بولاتتۇق. لېكىن، مېنىڭچە يازغۇچىلاردا چەكلەنگەن رايوندىن بۆسۈپ چىقىش ئارزۇسى بولۇشى كېرەك. يازغۇچىلار ئىدىيە جەھەتتە بۆسۈپ چىقىپ، ئازادلىققا ئېرىشكەندىلا، ئىجادىيەت جەھەتتىمۇ بۆسۈپ چىقىش خىيالىدا بولالايدۇ. بۇ يەردىكى بۆسۈپ چىقىش بىرىنچى بولۇپ چەكلەنگەن رايوندىن بۆسۈپ چىقىشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدىكى چەكلەنگەن رايون مەسىلىسىمۇ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىكنىڭ بىرى. غەرب دۆلەتلىرىدىكى ئىجادىيەتتە چەكلەنگەن رايون بولمايدۇ. چىڭراق ئېيتقاندا، يوقمۇ ئەمەس، لېكىن مۇنچە سەرەمجان بولۇپ كېتىدىغان مەسىلە قاتارىغا كىرمەيدۇ. لېكىن ئۇ بىزنىڭ بۇ يەردە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر ئىش. بۇ ئەھۋال مۇشۇ كۇنلەردە سەل ـ پەل ئۆزگەردى، لېكىن **20** يىللارنىڭ ئالدىدىكى گەپنى قىلساق، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن نازۇك مەسىلە ھېسابلىناتتى. بىز مۇئەييەن ئىجتىمائىي، تارىخىي مەسىلىلەرنى، ئەدىبلەر تەسۋىرلىسە بولىدىغان كۆپتىن ـ كۆپ خام ماتېرىيالنى تونۇپ يەتكەن تەقدىردىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلىلەر ئىنتايىن سەزگۈر مەسىلە بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشقان ھامان باشقىچە ئىنكاسنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. شۇڭا يازغۇچىلار يېزىشقا تەمشىلىپ قولىغا قەلەم ئېلىپلا ئىككىلىنىپ قالاتتى. يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن نەشر قىلىش جەھەتتە بەزى قىيىنچىلىققا دۇچ كېلەتتى. مەيلى ژۇرنال بولسۇن، مەيلى نەشرىياتلار بولسۇن، مۇنداق ئىشتىن ئىنتايىن ئېھتىيات قىلاتتى. لېكىن، مىنىڭچە بولغاندا يازغۇچىلار بۇنداق بۆسۈشكە ياندۇرۇپ ـ ياندۇرۇپ، بىر ـ بىرلەپ تېگىش قىلسا، ئەڭ ئاخىرىدا ھەرقانداق چەكلەنگەن رايون چەكلەنگەن رايون بولۇشتىن قالغان بولاتتى.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، **70** ـ يىللاردىن **80** ـ يىللارغىچە بولغان ساق ئون نەچچە يىل، ئەمەلىيەتتە چەكلەنگەن رايونلارنى ئۈزلۈكسىز بۆسۈپ ئۆتىدىغان يېزىقچىلىق جەريانى بولدى. يازغۇچىلاردا نېمە سەۋەبلەرگە كۆرە چەكلەنگەن رايونلارنى بۆسۈپ ئۆتەلەيدىغان ۋە چەكلەنگەن رياونلار ئۆستىدە ئىزدىنىدىغان مۇشۇنداق باتۇرلۇق، مۇشۇنداق ھەۋەس بارلىققا كېلەلىدى؟ مەن بۇنى يازغۇچىلارنىڭ ئىدىيەۋى قاراشلىرىدا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات بىلەن سىياسىي ۋە تەشۋىقات ئارىسىدىكى توغرا مۇناسىۋەتنى تونۇپ يەتكەنلىكىدىن، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئىنسان تەبىئىتى بىلەن سىنىپىيلىق ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەدرىجىي يوسۇندا تونۇپ يەتكەنلىكىدىن، ئىنسان تەبىئىتىدىكى رەڭدارلىق بىلەن سىنىپىيلىقنىڭ نىسپىي ئاددىيلىقنى تونۇپ يەتكەنلىكىدىن، يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ تارىخى ئەينەكلىكنى ئەدەبىيات ئارقىلىق قايتا ئىپادىلەپ بېرىش ئەمەس، بەلكى ئىنسان تەبىئىتىنى ئەدەبىيات ئارقىلىق ئىپادىلەش، ئەستىن چىقمايدىغان تىپىك پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى

يارتىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىدىن دەپ قارايمەن. مېنىڭچە، مەن ئىپتىتسۇتتىكى ئىككى يىل ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت دەل مۇشۇ ئىككى نۇقتا. بۇ ئىككى نۇقتامنىڭ كېيىنكى يىگىرمە يىللىق ئىجادىيىتىمگە ئىزچىل رەۋىشتە ئۆزۈلدۈرمەي تەسىر كۆرسىتىپ تۇردى.

## بەزى ھالدا ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى كۆزىتىش نۇقتىسىنىڭ ئۆزىلا قۇرۇلما بولىدۇ

تۆۋەندە شاگىرت ئىنىلىرىم، شاگىرت سىڭىللىرىم ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىمغا ئىنىستىتۇتتىن ئايرىلغان يىگىرمە يىلدىن بۇيانقى ئىجادىيىتىمنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرىنى دوكلات قىلىمەن.

1986 ـ يىلى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ۋاقتىمدا ئىنىستىتۇت مېنى مەكتەپتە ئېلىپ قالماقچى بولدى. لېكىن كېيىنچە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى باش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ سىياسىي بۆلۈمىگە كېتىپ قالدىم.

مەن يازغان تۇنجى رومان «قىزىل قوناق جەمەتى»، «قىزىل قوناق»، «قوناق ھارىقى»، «ئىت يولى»، «قوناقنى دەپنە قىلىش»، «ئاجايىپ ئۆلۈم» قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ بەش پوۋېستنى مەن تېخى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدىلا يازغان ھەمدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئېلان قىلغانىدىم. 1987 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ «قىزىل قوناق جەمەتى» نامىدىكى رومان قىلىپ چىقتىم. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر ھېكايىنى بەش قېتىم سۆزلىگەندەك ئىش ئىدى. ئۇنىڭ بىرىنچىسىدە كۆۋرۈك بېشىدىكى پىستىرما جەڭ بايان قىلىنغان بولۇپ، كېيىنكىلىرىدە ياپون ئارمىيەسى بىلەن بولغان جەڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن تەكرار ھالدا سۆزلەنگەنىدى خالاس. لېكىن، ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن نىسبەتەن زور ئىنكاس پەيدا بولدى. بولۇپمۇ مۇشۇ ئاساستا ئىشلەنگەن كىنو فىلىمى بېرلىن كىنو بايرىمىدا مۇكاپاتلانغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئىنكاس تېخىمۇ زور بولدى.

ئەمدىلىكتە «قىزىل قوناق جەمەتى» دېگەن بۇ روماندا تېخنىكا جەھەتتە ھەقىقەتەن بىر مۇنچە مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. شۇنداقتىمۇ بۇ مەسىلىلەرنى ئاددىيلا قىلىپ ناچار تەرەپلەر دېيىشكە بولمايدىغاندەكمۇ قىلىدۇ. ئالايلۇق، تىل جەھەتتە دادىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سىناقلاردا نىسبەتەن ئۆلچەملىك تىلغا قارىتا رىقابەت ئېلان قىلىپ باققان ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان يەرلىرىم بار. گىراماماتىكا يېقىدىن ئالغاندا مۇنداق قىلىش چوقۇم توغرا ئەمەس. لېكىن ئەدەبىيات يېقىدىن

ئۆنىڭدا مەلۇم مەنە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. يەنە ئالايلۇق، روماندا ئاپتورنىڭ ھەدىسلا ئوتتۇرىغا چىقىۋېلىپ ۋەزخانلىق قىلغان يەرلىرى بار. راستىنى ئېيتقاندا بۇ رومان ئىجادىيىتىمدە ھەزەر ئەيلەشكە تېگىشلىك ئىش. لېكىن، ئەگەر ئاپتور راستىنلا ئۆزىنى بېسىۋالالماي، ئوتتۇرىغا چىقىپ گەپ قىلمىسا بولمايدىغان ئەھۋالغا دۇچ كەلسە، شۇنداقلا ئۇنىڭ مۇلاھىزىسى نىسبەتەن قاملاشقان بولسا، بۇنىڭمۇ بولمايدىغان يېرى يوق.

يېغىپ ئېيتقاندا، بۇ رومان يەنىلا بىر ياش ئاپتور يازغان ئەسەر ئىدى. ناۋادا ئۇنى بۈگۈنكى كۈندە يازغان بولسام، تېخنىكىلىق جەھەتتە ئۇنى ئوبدانلا ۋايىغا يەتكۈزگەن بولاتتىم. بىراق، ئۇنداق قىلسام رومانىدىكى «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ» دەيدىغان شىجائەتنى تاپقىلى بولمايدىغان ئەھۋال يۈز بېرەتتى.

ئىنستىتۇتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن يازغان تۇنجى رومانىم «جەننەتتىكى سامساق ناخشىسى» بولۇپ، ئۇنى 1987 ـ يىلى يازدىم. شۇ چاغدا شەندۇڭدا پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالىدىغان بىر ۋەقە يۈز بەرگەنىدى. سامساق تېرىيدىغان مەلۇم بىر ناھىيەدە، شۇ چاغدىكى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىكى ۋە بيۇروكراتلىقى تۈپەيلى، دېھقانلار ئىشلەپچىقارغان نەچچە مىليون جىڭ سامساق قامچىسى سېتىلماي بېسىلىپ قېلىپ، سېسىپ كەتكەچكە، دېھقانلار ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنى قورشىۋېلىپ، ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىغا ئوت قويىۋەتتى ۋە ناھايىتى زور كۆلەمدىكى «سامساق ۋەقەسى» بارلىققا كەلدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر تەرەپ قىلىش ئەلۋەتتە ھەر ئىككى تەرەپكە تەڭ شاپىلاق ئۇرۇش بىلەن تۈگىدى. باشلامچىلىق بىلەن غەۋغا چىقارغان دېھقانلار قولغا ئېلىنىدى، بيۇروكراتلىق خاتالىقنى سادىر قىلغان ئەمەلدارلار ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

مەن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، «قىزىل قوناقلىق» نىڭ داۋامىنى يېزىشتىن توختىدىم. ئۇ چاغدا مەن «قىزىل قوناق» جەمەتىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۇزۇپ قويماي داۋاملىق يېزىش خىيالىدا ئىدىم. «قىزىل قوناق جەمەتى» دە بوۋاي بىلەن مومايدىن ئىبارەت بىر ئەۋلادنىڭ ھېكايىسىنى بايان قىلغانىدىم. داۋاملاشتۇرغان بولسام دادا بىلەن ئانىدىن ئىبارەت ئىككىنچى ئەۋلادنىڭ ھېكايىسىنى يازغان بولاتتىم. ئۇنىڭ ئۈچىنچى قىسمى ئەلۋەتتە مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇشۇ ئەۋلادنىڭ ئىشلىرىغا

توغرا كېلەتتى. مېنىڭ شۇ چاغدىكى تەسەۋۋۇرۇم چوڭ ۋە نىيىتىم ناھايىتى يامان ئىدى. تىرلوگىيە يېزىش كويىدا ئىدىم. لېكىن، رېئال تۇرمۇشتا بىردىنلا سامساق ۋەقەسى كېلىپ چىققان بولغاچقا، ئەسلىدىكى پىلاننى بىر ياققا قويۇشقا، ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر يەرگە مۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بۇ ئىشنى يېزىشقا توغرا كەلدى. ساق بىر ئاي ئىچىدە «جەننەتتىكى سامساق ۋەقەسى» نى پۈتتۈردۈم.

بۇ روماننى ئاچچىق ۋە غەزەپ بىلەن تولغان رومان دېيىشكە بولاتتى. ئارىدا مەن بۇ رومانىنىڭ ئىسمىنى «غەزەبلەنگەن سامساق» دەپ ئۆزگەرتىپمۇ باقتىم. مۇنداق قىلغاندا، كۆپچىلىكنىڭ ئېسىگە ستانبېرگە يازغان «غەزەبلەنگەن ئۈزۈم» دېگەن رومان كەلگەن بولاتتى. غەزەبلىنىپ تۇرۇپ رومان يازغاندا گەپنىڭ راستىنى قاملاشقۇدەك يېزىپ چىقىش تەس. چۈنكى مىجەز چۇسلۇشۇپ كەتكەندە، ئاچچىق ئادەمنىڭ ئىچىنى ئۆرتىگەندە، شەيئىلەرنى ئادىل، ئوبيېكتىپ رەۋىشتە پەدەز قىلىشقا جەزمەن تەسىر يېتەتتى. ئەسكى ئادەم دەپ قارىغان ئەمەلدارلارنى قىلچە ئادىمىيلىكى يوق تەرەزدە يېزىپ سىلىپ، ئۆلارنىڭ روھى دۇنياسىدىكى مۇرەككەپلىككە سەل قارايدىغان ئىشلار كېلىپ چىقاتتى.

بۇ رومانغا ئەمدى قارىسام، ئۇمۇ ئاران ـ ئاران ئۆرە تۇرىدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ھېلىقى خام ماتېرىياللارنى تېخنىكىلىق جەھەتتە ئۆزگەرتىۋەتكەن يېرىم بار. ئۇ ئىش شەندۇڭنىڭ جەنۇبىدىكى لىنيى ۋىلايىتىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، يېزىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇ يەرگە بېرىپ زىيارەتتە بولمىدۇم، تەكشۈرۈش ئېلىپمۇ بارمىدىم، ھەممە ئىش ماڭا ناتونۇش ئىدى. لېكىن مەن ئۇنى ئۆزۈمگە بەش قولدەك تونۇش بولغان ئۆز مەھەللەمگە يۆتكىدىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سادىر بولغان ۋەقەنى ئۆزۈم يىگىرمەنەچچە يىل ياشىغان يېزىغا كۆچۈرۈپ كەلدىم. رومانىدىكى كۆپتىن كۆپ پېرسوناژلارنىڭ پروتىپى جەمەتىمىزدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئۆزىدىنلا بولدى. ئالايلۇق، رومانىدىكى يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ھەيدىگەن ماشىنىنىڭ تۆتىنچى تاغامنى سوقۇۋېتىپ، ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايە ئەمەلىيەتتە ئۆز تاغامنىڭ ئۈستىدە يۈز بەرگەن ئەمەلىي ھېكايىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يېزىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن مەزگىلدە توپلىغان باشقا تەرەپتىكى خام ماتېرىياللاردىنمۇ پايدىلاندىم. مەسىلەن، رومانىدىكى ھەر بابنىڭ بېشىدا بىر ئەما ئادەم تەرىپىدىن ئېيتىلىدىغان قوشاق بار ئىدى، بۇ ئەما ئادەمنىڭ ئىسمىنى جاڭ كوۋ دەپ ئالدىم. باللىق چېغىمدا بىزنىڭ مەھەللىدە راستىنلا بىر ئەما ئادەم

ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى جاڭ كوۋ ئىدى. ئۇ يىلبويى دېگىدەك يېزا ـ بازارلارغا بېرىپ ناخشا ئېيتاتتى، ئۇنىڭ ئېيتىدىغانلىرى «قىزىل قىيا»، «چەكسىز ئورمان قارلىق دالا» قاتارلىق كلىسسىك ئەسەرلەردىن ئىدى. يېرىم كېچە ئەلياتقۇ بولغاندا باللارنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىگە قايتىپ ئۇخلاپ قالغاندىلا ئۇ بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى قوشاقلاردىمۇ توۋلاپ قوياتتى. مەن بۇ پېرسوناژنى رومانغا بىراقلا كىرگۈزدۈم. كېيىنكى كۈنلەردە، جاڭ كوۋنىڭ ئەۋلادلىرى ئاغىنىلىرىم ئارقىلىق مەندىن نارازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى، دادىمىزنى نېمىشكە رومانغا ئۆز پېتى يازدىڭ؟ دېگەن بولدى. مەنمۇ سىلەرنىڭ داداڭلارنى ئىجابىي شەخس تەرىقىسىدە يازدىم، ئۇنى خۇنۇكلەشتۈرمىدىم، دەپ جاۋاب بەردىم.

«جەننەتتىكى سامساق ۋەقەسى» دىن كېيىن ئۇلاپلا «ئون ئۈچ قەدەم» ناملىق يەنە بىر رومان يازدىم. بۇنىمۇ مەسىلە رومانى دېيىشكە بولاتتى. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، **1988** ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە باشلانغۇچ، تولۇقسىز مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ناھايىتى تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى بىرەلمەيدىغان ئەھۋال دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. ئاكام بىلەن يەڭگەممۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم. مەكتەپكە بېرىپ قالغان چاغلىرىمدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قورساق كۆپۈكى سۆزلىرى قۇلۇقۇمغا كىرەتتى. يېزىلاردىكى بۇ ئوقۇتقۇچىلار قاتلىمى ئەمەلىيەتتە يېزىلاردىكى زىيالىيلار قاتلىمى ئىدى. ئۇلارنىڭ تىلى دېھقانلارغا قارىغاندا چىرايلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ مەسىلگە بولغان قاراشلىرىنىڭ ئۆتكۈرلىكى، ئۇلارنىڭ يازغانلىرىمۇ ئەلۋەتتە دېھقانلارغا قارىغاندا ياخشى ئىدى. مەن بۇنى ئۇلارنىڭ قورساق كۆپۈكى گەپلىرىدىنمۇ تۇيغان يەردە ئىدىم. شۇڭا بىر رومان يېزىپ ئۇلارنىڭ دەردىگە ھەمدەم بولماقچى بولدۇم.

باش تېمىنى ئالدىنئالا بەلگىلىۋالىدىغان مۇنداق يېزىقچىلىقمۇ راستىنى ئېيتقاندا تەس ئىش. لېكىن، بۇ رومانىنىڭ ياخشى تەرىپى، مەن ئۇنىڭدا قاپ يۈرەكلىك بىلەن بەدىئىي سىناق قىلىپ باقتىم. ئۇنىڭدا مەن خەنزۇ تىلىدا بولىدىغان جىمىكى رەۋىشتىن پايدىلاندىم. مەن، سەن، ئۇ، بىز، سىلەر ئۇلار دېگەنلەرنى ھەتتا ھايۋانلارغىمۇ قوللىنىپ باقتىم. رەۋىشلەردىكى تىنىمسىز ئۆزگىرىشنى كۆزىتىش نۇقتىسىغىمۇ ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى. ئاخىرىدا مەن رومان ئىجاد تېپتىكى كۆزىتىش نۇقتىسىنىڭ بەزى ھاللاردا قۇرۇلما بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. كۆزىتىش نۇقتىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشى دەل

مۇشۇ روماننىڭ قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈردى. ئەلبەتتە، بۇ رومانمۇ كۆچلۈك سىياسىي پۇراقتىن خالىي بولالمىدى، بىرۇنچە ئاتالمىش قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ۋە قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ئۆچەي - باغرىنى يازىدىغان ئىشمۇ بولدى. بۈگۈنكى كۈندە قارىسام، بۇ روماندا تەسۋىرلەنگەن ئىشلارمۇ كونىراپ قاپتۇ. لېكىن، بەدىئىي جەھەتتىكى ئىزدىنىش شاگىرت ئىنى - سىڭىللارنى تەنقىد ئوبيېكتى بىلەن تەمىنلىسە ئەجەپ ئەمەس دەپ ئويلايمەن.

## كېيىنكى ئەمەلدارلىق سورۇننى يازىدىغان رومانلار ئاددىيلىشىپ كەتتى

بۇ ئارىدا ئارىلاپ بەزى پوۋست. ھېكايىلارنىمۇ يېزىپ تۇردۇم. **1989** - يىلى يەنە بىر رومانىم «مەي بەگلىكى» نى يېزىشقا تۇتۇندۇم. بۇنىڭغا مۇنداق بىر ئىش سەۋەب بولدى. مەن گېزىت كۆرۈۋېتىپ «بىرچاغلاردا مەي ئىچىدىغانلارغا ھەمراھ بولغانىدىم» تېمىسىدىكى بىر ماقالىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭدىكى باش پېرسوناژ ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئائىلە كېلىپ چىقىشى ياخشى بولمىغانلىقى تۈپەيلى شەرقىي شىمالدىكى بىر خاڭدا پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغانلىقىنى، ئوخشاشلا سەۋەب تۈپەيلى تويلىشىدىغان نە بىرەرسىنى تاپالماي، بەكمۇ ئىچى پۇشقانلىقىنى، ھاياتتىن كۆڭلى سوۋۇپ ئۆلۈۋېلىپلا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشماقچى بولغانلىقىنى، لېكىن ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىشنى خالىمىغانلىقى، دېھقانچىلىق دورىسى ئىچىۋېلىش خىيالىدىمۇ بولغانلىقىنى، شۇڭا جىقراق ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ ئۆلۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى يازغانىدى. نەتىجىدە، ئۇ بىر قېتىمدىلا نەچچە جىڭ ھاراق ئىچىۋەتكەن بولسىمۇ، مەستلىكتە ئۆلۈپ قېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە كۆڭلى ئارامغا چۈشۈپ قاپتۇ. شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ھاراقنى ئوبدانلا كۆتۈرەلەيدىغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ نامى ئەتراپقا پۇر كېتىپتۇ خاڭ پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئۇنى چاقىرىپ، ھاراق ئىچىدىغانلارغا ھەمراھ بولۇپ ئىچىشىپ بېرىدىغان مەخسۇس ۋەزىپىگە تەيىنلەپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگاندىن، قېرىنداش ئىدارىلاردىن ئادەم كەلگەندە، ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ ھاراق ئىچىشىپ بېرىدىكەن. ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن بولغاچقا، ھاراققا ھەمراھ بولىدىغان چاغدا دەيدىغان بەزى گەپلەرنى توقۇش ئۇنىڭغا شۇنچىكى ئىش ئىكەن. ھاراقنى ئۆپكىسى چىلاشقىدەك ئىچەلەيدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە راۋان گەپ قىلالايدىغان بولغاچقا، بىرىپ - بىرىپ كىچىكرەك بىر ئەمەلگىمۇ ئىگە بوپتۇ. قېرىپ

دەم ئېلىشقا چىقىپ، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۆتكەن ئۆمرىنى ئويلاپ ھېچقانچە ئىش قىلمىغانلىقىنى، بىر ئۆمۈر ھاراق ئىچكەنلىكىنى، ئۆمۈر بويى ھاراق ئىچىدىغانلارغا ھەمرا بولۇپلا ئۆتكەنلىكىنى ئويلاپ قاپتۇ.

شۇ چاغدا جەمئىيەتتە چىركىنلىككە قارشى ھەرىكەت باشلىنىپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، چىركىنلىككە قارشى تۇرۇش بۇ روماننىڭ باش تېمىسى بولۇپ قالدى. لېكىن، مېنىڭ بۇر رومانىنى ئادىدىي يوسۇندىكى ئەمەلدارلىق سورۇنىغا ئائىت رومان ياكى قارا پەردىنى يازىدىغان رومان قىلغۇم كەلمىدى، شۇ سەۋەب بىلەن يەنىلا يۇرۇكۇمنى قاپتەك قىلىپ بەزى ئىشلارنى تېخنىكىلىق جەھەتتە سىناپ باقتىم. باشتا «مەي بەگلىكى» نى رازۋېدكا ھېكايىسى قىلىش پىلانىنى تۈزدۈم. تەپتىش مەھكىمىسىدىكى بىر رازۋېدچىكنى كان رايونىدا يۈز بەرگەن «بوۋاقلارنى قورۇپ يېيىش» دېلوسىنى پاش قىلىشقا قاتناشتۇردۇم. ئۇ خاڭغا بارغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىمۇ «بوۋاق يەيدىغان» زىياپەتكە قاتناشقان بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ ھەرگىزمۇ راستلا «ئادەم يەيدىغان» زىياپەت ئەمەس ئىدى. رازۋېدچىك بۇنىڭ ئەمەلىيەتتە بىرخىل قورۇمىنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى، ئاتالمىش «بوۋاقلارنى قورۇپ يېيىش» نىڭ كاۋىنى ئادەمنىڭ كاللىسىدەك ياساپ، قولىنىڭ ئورنىغا نېلۇپەر غولىنى ئورنىتىپ، چېچىنىڭ ئورنىغا ئوتياش تالالىرىنى بېكىتىدىغانلىقىنى، كۆزىنى ئۈزۈم دانىچىسىدىن ياسايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ راستلا بىرخىل قورۇما ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولدى. ئاپتور مۇشۇ رومانىنى يېزىۋاتقان چاغدا، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر ياش يىگىت ئۇنىڭغا ئۆزى يازغان ھېكايىلارنى بىئەدىپ تۇرىدىغان، ئاخىرىدا يېزىلىۋاتقان رومان ھېلىقى كەسپىتىن سىرتقى ئىخادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يىگىتنىڭ ھېكايىسى بىلەن بىر گەۋدىگە يۇغۇرۇلۇپ كېتىدىغان بولدى. ئاخىرىدا ئاپتور مويەن ھېلىقى يىگىتنىڭ تەكلىپى بويىچە مەي بەگلىكىگە كەلدى. لېكىن، ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان مەي بەگلىكىگە كەلگەن كۈنىلا غەرق مەست بولۇپ، قايتا ئويغانمىدى.

مېنىڭچە، بۇ روماندا شەرھلەنگەن مەنالار كىتابخانلارنى خېلى رەڭدار نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەيتتى. ناۋادا ئىنى ـ سىڭىللار قىزىقسا كۆرۈپ باقسا بولىدۇ. بىز مەيلى چىركىنلىكنى يازايلى، مەيلى ئەمەلدارلار سورۇنىنى يازايلى، ئەگەر رېئاللىق نۇقتىسىدىنلا يازىدىغان بولساق، چوقۇم تېتىقسىز نەرسە بولۇپ

چىقىشى تۇرغانلا گەپ. كېيىنچە يېزىلغان ئەمەلدارلىق سورۇنى ھەققىدىكى رومانلار ئەمەلىيەتتە چىرىكلىككە چاپان ياپىدىغان رومانلاردىن بولۇپ قالدى. خېلى كۆپ ئەمەلدارلار بىزنىڭ مۇشۇ خىلدىكى تۇرمۇش مۇھتىمىزغا قويۇلدى ــ دە، ئۇلارنىڭ چىرىكلىشىپ كېتىشى، ياكى ئۇلارنىڭ قىلمىشى ئىلاجسىزلىقتىن بولۇۋاتىدۇ دېگەن خۇلاسە چىقىپ قالدى. ئۇلارنىڭ سۇبىكتىپ مۇددىئاسى توغرا ئىدى، ئۇلارنىڭ پۇقرالارغا ياخشى ئىش قىلىپ بەرگۈسى بار ئىدى. ئۇلار كۆزۈرۈك ياسىماچى، زاۋۇت قۇرماقچى ئىدى، مۇشۇ ئىشنى دەپ باشقىلار ئۇلارغا پارا بەردى، ئۇلارغا يېقىنلاشتى، ئۇلارنى مېھمانغا چاقىردى، سوۋغا ــ سالام بەردى ــ دېيىلدى. نەتىجىدە ئەمەلدارلاردىكى چىرىكلىك بىلەن جەمئىيەتتىكى چىرىكلىك ھادىسىلىرىگە ئەھلى ئىنسانچىلىق يېقىندىن چۈشەنچە بېرىلدى. ئادەملەرنىڭ ئۇلارغا ھېسداشلىقى قوزغالغانلىقى تىلغا ئېلىندى. بىزنىڭ ئەمەلدارلىق سورۇنى ھەققىدىكى رومانلىرىمىز ئاساسەن مۇشۇ لىنىيەنى بويلاپ يېزىلدى. ھېچ بولمىغاندا سەھىيە بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ ئورنىغا ئىنتىزام تەكشۈرۈش بۆلۈملىرى، ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئورنىغا يېزا ــ بازار باشلىقلىرى ئالماشتۇرۇلدى. مۇشۇنداق ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە، ئەمەلدارلىق سورۇنى ھەققىدە يېزىلغان رومانلار ئەھمىيىتى يوق بىر نەرسىلەردىن بولۇپ قالدى. ھەتتا «ئەمەلدارلىق سورۇنىدىكى ئۆزىنى ئاشكارىلاش» قا ئوخشاش قارا پەردىلىك رومانلاردا بارلىققا كەلگەن بەدىئىي ئۈنۈمنىمۇ پەيدا قىلالمىدى.

مېنىڭ مۇنداق دېيىشىم ئەمەلدارلىق سورۇنىغا ئائىت رومانلارنى يېزىشقا بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە يېزىشقا بولىدۇ. مۇنداق رومانلارنىڭ ئوقۇرمىنى ناھايىتى كۆپ چىرىكلىككە قارشى رومانلارنى ئەلۋەتتە يېزىشقا بولىدۇ، قارا پەردىگە ئائىت رومانلارنىمۇ يېزىشقا بولىدۇ. مېنىڭ كۆزدە تۇتقىنىم، ئەمەلدارلىق سورۇنىغا ئائىت رومانلارنى يازغاندا فورمۇلالاشتۇرۇشتىن، قېلىپلاشتۇرۇشتىن كۈچىمىزنىڭ بارىچە نېرى تۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، نۆۋەتتىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ۋە سەنئەت ئىجادىيىتىدە بىرەر تېلېۋىزىيە فىلىمىدىكى ياكى بىرەر ھېكايىدىكى مەلۇم پېرسوناژ ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ھامان، باشقىلارمۇ دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنى كىلونلاشتۇرىدىغان قورقۇنچلۇق ئەھۋال پەيدا بولۇپ قالدى. «بىسى پاقىرايدىغان خەنجەر» دېكى لى يۈنلۇڭ بازار تەپۋەدى، كېيىنچە ئىشلەنگەن تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى لى يۈنلۇڭنىڭ نەۋرە ــ چەۋرىلىرى قاپلاپ كەتتى. مۇنداق قىلغاندا، چوقۇم بىرسىدىن بىرسى

كاسات بولىدىغان ئىش كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، بىرخىللاشتۇرىدىغان ئىجادىيەت پېرسوناژلاردىكى ئوخشاشلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەگەر بىز ئەمەلدارلىق سورۇننى ياكى چىرىكلىككە قارشى تېمىلارنى يازماقچى بولىدىكەنمىز، چوقۇم يېڭى پېرسوناژلارنى بايقىشىمىز لازىم. ھەممە ئەمەلدارنىڭ قىياپىتى بىر خىل بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم. شۇنداقلا چىرىكلىك مەسىلىسىنى ھەدېسلا تۈزۈلمە بىلەن جەمئىيەتكە دۆڭگەپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئىنسان تەبىئىتى چوڭقۇرلۇقىدىن قېزىش كېرەك. ئەگەر نەزەر دائىرىمىزنى سىرتقى مۇھىتقىلا قاراتساق، ئۇنداقتا كۆپ بولغاندىمۇ بۇگۈنكى دەۋردە چىرىكلىك ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىش ئىكەن دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ قالىمىز ئەگەر مەنمۇ ئەمەلدار بولغان بولسام، چىرىكلىككە مۇشۇنداق تەدبىر بېرىپ قاراپ تۇرغان بولاتتىم. ناۋادا بىز ئادەملەرنىڭ روھى چوڭقۇرلۇقىنى باشقا بىر نۇقتىدىن قازساق، بۆلەكچە پەرەزگە كېلىدىغانلىقىمىز تۇرغانلا گەپ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ساغلام بولمىغان، مۇكەممەللەشمىگەن تۈزۈلمىدىمۇ ئۆزىنىڭ پاك پەزىلىتى بىلەن ياشايدىغانلار بار. ھالبۇكى، ئىنتايىن قاتتىق نازارەت يولغا قويۇلغان تۈزۈمدىكى بەزى ئادەملەر يەنىلا خىيانەت قىلىشتىن، چىرىكلىشىشتىن خالىي بولالمايدۇ.

يەنە بىر مەسىلە شۇكى، بىز خىيانەتچى ئەمەلدارلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئاشنىلىرى تەسۋىرلەنگەن ناھايىتى كۆپ ھېكايىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئۇنچە چوڭ پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى ئىنسان تەبىئىتى يوق، ئاياللارنى ئەخمەق قىلىشنىلا ياخشى كۆرىدىغانلار دېگەن نۇقتىدا تۇرۇپ يازىدۇ. ئەمەلىيەتتە خىيانەتچى ئەمەلدارلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئاشنىلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تولىمۇ رەڭدار. بۇ جەھەتتە ھەقىقي ئەركەك مىجەز خىيانەتچى ئەمەلدارلار، ھېسسىياتقا ئىنتايىن سادىق بولىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، ئاشۇنداق بىر يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرنىڭ بۇگۈنكىدەك مۇشۇنداق بىر جەمئىيەتتە بىر ئايالغا مۇشۇنچىلىك ئاشىق بولۇشى، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى بىر ئايالغا دو تىكىشى يېقىندىن ئالغاندا، ئۇنى ئەلۋەتتە بىر ياخشى پارتىيە ئەزاسى دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ھەقىقەتەن بىر ياخشى ئاشىق دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇڭا، تۇرمۇشتا سادىر بولغان كۆپتىن - كۆپ ۋەقەلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر قېزىش كېرەك. مەسىلەن، بىزنىڭ جىنەندىكى ھېلىقى ئەمەلدارنى ئالىدىغان بولساق، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەندىن كېيىن يەرلىك پۇقرالار، بولۇپمۇ ئەمەل سورۇندىكىلەر ئۇنى ئاغزى

بىسقماي ماختىدى، ئۇنى راستىنلا بىر ياخشى ئادەم ئىدى، دېيىشتى. پارتلاپ ئۆلگەن ھېلىقى ئايالنى بولۇشچە ئەيىبلىدى. ئۇنى «بېلىقچىنىڭ ھېكايىسى» دىكى مومايدەك نېسۋىسگە شۈكۈر قىلمايدىغان ئاچكۆز ئايال ئىدى، دېدى.

مەن 1997 ـ يىلى قىسمىدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، «تەپتىش گېزىتى» دە ئون يىل ئىشلىدىم، مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇن دېلو بىلەن ئۇچراشتىم. ھەرقانداق خىيانەتچى ئەمەلدارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە خاس قىياپىتى بولىدىغانلىقىنى بايقىدىم. ھەرقانداق خىيانەتچى ئەمەلدارنىڭ خىيانەت قىلىش سەۋەبى ۋە ئۇلارنىڭ پارا ئارقىلىق ئېرىشكەن پۇل ـ مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىش شەكلىنىڭمۇ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى، ئايالالارغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرق قىلىدىغانلىقىنى بىلدىم. ئالايلۇق، تەپتىش ئەمەلدارى خىيانىتى پاش بولۇپ قالغان بىر ئەمەلدارنىڭ ئەھۋال ئىگىلەيدىغان چاغدا، بۇ ئەمەلدار تەلەپ، تەپچىرەپ، ئولتۇرالماي قالغان. ئاخىرىدا ئۇ تەپتىش ئەمەلدارىغا بىر پارچە ئاق قەغەز بىلەن قىزىل ـ كۆك ئىككى رەڭدىكى قېرىنداشتىن بىرنى بېرىش تەلپىنى قويغان. سەۋەبىنى سورىغاندا ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىل ـ كۆك ئىككى رەڭدىكى قېرىنداشنى تۇتۇپ، خەت يېزىلمىغان ئاق قەغەزگە قاراپ ئولتۇرغاندىلا كاللىسىنىڭ ۋە تەپەككۇرىنىڭ سەگەك بولىدىغانلىقىنى، ھەر قېتىم دوكلات بېرىدىغان چاغدىمۇ بىر قولىغا قىزىل ـ كۆك ئىككى رەڭدىكى قېرىنداشنى تۇتۇپ، ئالدىغا بىر پارچە ئاق قەغەز قويۇپ سۆزلەشكە كۆنۈپ قالغانلىقىنى ئېيتقان. تەپتىش ئەمەلدارى ئۇنىڭ بۇ تەلپىنى قاندۇرغان. دېگەندەك، ئۇ ئۆزىدىكى مەسىلىنى ئىنتايىن رەتلىك، ئېقىتماي ـ تېمىتماي تاپشۇرغان. مۇنداق سۆزلەر دىراماتىك پۇراق بىلەن تويۇنغان بولىدۇ. تىيەنجىندىكى بىر خىيانەتچى ئەمەلدار ئادەتتە ئازادلىق ئارمىيە پوسونىدىكى كونا بىر ئاياقنى كىيىپ يۈرىدىكەن. قىسمىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان بۇ كادىر خىيانەت قىلغان نەچچە مىليون پۇلنى ھېچكىم ئولتۇرمايدىغان قۇرۇق ئۆيدىكى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئىشكاپقا سېلىپ ساقلايدىكەن. ھەر كۈنى ئىشتىن يانغاندىن كېيىن، ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن ۋېلسىپىتنى مىنىپ مۇشۇ ئۆيگە كىرىدىكەن ـ دە، ئىشكىنى تاقاپ، چىراغنى يېقىپ، كارىۋاتنى جايىدىن يۆتكىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ پۇللىرىنى بىرقېتىم ـ بىر قېتىمدىن ساناپ چىقىدىكەن، ساق ئىككى سائەت ساناپ، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ ئۇخلايدىكەن. تۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇ

بىر پۇڭ پۇلنىمۇ خەجلىمىدىم، ھەممىسى ئاشۇ ئۆيدە قويۇقلۇق، ناھايىتى كەلسە ساناپلا باقتىم دەپتۇ. بۇ تولىمۇ قىزىق ئادەم ئىكەن. شۇنداق جاپاكەش، شۇنداق ئاددىي ـ ساددا ئىكەنكى، بىر پۇڭ پۇل خەجلەشكىمۇ كۆزى قىيمايدىكەن، قارىماققا ئىنتايىن پاك تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئايالىمۇ ھەددىسىلا ئۇن ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدىكەن، خىيانەت قىلغان باشقا ئادەملەرگە قاراپ باقساڭ بولمامدۇ، قەلەندەرگىلا ئوخشايسەن دەيدىكەن. يەنە بىرخىيانەتچى ئەمەلدار ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشكىدەك قىزىل ئىكەن، ئۇ مەن خىيانەت قىلمىدىم، پەقەتلا گېلىمغا ئامراق دەيدىكەن. جياڭسۇلۇق بۇ خىيانەتچى ئەمەلدار ئىككى يىلدىلا ئۈچ زاۋۇتنى يەپ تۈگىتىپتۇ. ئۇ زاۋۇتتا ھېچ ئىش قىلمايدىكەن، گېلى بىلەنلا بولىدىكەن، بولۇپمۇ تاشپاقا يېيىشكە بەك ئامراق ئىكەن. تاشپاقىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئەگرى سۆڭەك چىش كوۋلاشقا ئەپلىك بولغاچقا، ئۇ لىق بىر تاغار سۆڭەك يىغىپتۇ. ئۇ بىر قېتىم كاتىپى بىلەن مەلۇم بىر ناھىيەگە بېرىپ، ساق ئىككى كۈن قورساق بىلەن ھەپىلىشىپ يېنىپ مېڭىپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە شوپۇردىن يەنە پۇل بارمۇ دەپ سوراپتۇ. شوپۇر يەنە سەككىز يۈز يۈەن پۇل بار دەپتۇ. ئۇنداق بولسا كېتىپ نېمە قىلىمىز، ـ دەپتۇ خىيانەتچى ئەمەلدار، ـ ئۇنىمۇ يەۋېتىپ كېتەيلى! مۇشۇنىڭدىنمۇ خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى بىر ئايال ئۈچۈن مۇشتۇمدەك بىر لوكچەك بىلەن ماي تارتىشىپ قېلىپ، چوڭ مەيداندىلا ئۇنىڭ بىلەن مۇشتلىشىپ كەتكەن. سالاپەتلىك بۇ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى ئۈچتە ھەمراھ بولىدىغان خاتقىزنى دەپ مۇشتلىشىپ، باش ـ كۆزنى يېرىۋالغان. قاراپ تۇرغانلار ھېلىقى كىچىك لوكچەككە بۇ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەپ ئەسكەرتكەن. ئۇ لوكچەك: پوق يەپسەن، مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى مەن بىلەن ئۈچتە ھەمراھ بولىدىغان بىرسىنى تالىشامدۇ؟ دەپ تۇرىۋالغان، ھايال ئۆتمەي، ئۇنىڭ راستىنلا مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى ئىكەنلىكىنى بىلگەن. مەن «تەپتىش گېزىتى» دە ئون يىل ئىشلەش جەريانىدا، مۇنداق خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى تولا كۆردۈم.

سىلەر خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ ئاشىنلىرىنى توردىن ئىزدەپ قاراپ باقساڭلار، مەن سۆزلىگەندىنمۇ بەكرەك كۆزنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىدىغان ئىشلارنى ئۇچرىتىسىلەر. بىز ھەقىقەتەنمۇ گەپ قىلغىلى بولمايدىغان بىر دەۋرگە كىردۇق. ياخشى دېسەك، كۆرۈپ ئۇلگۈرگىلى بولمايدىغان ياخشى نەرسىلەرنىڭ

ھەقىقەتەن كۆپلۈكنى بىلسەن. ئولىمپىك تەنتەربىيە يىغىنىنى ئۆتكۈزدۇق، دۇنيا كۆرگەزمىسىنى ئۆتكۈزدۇق، دۈشمەنلەرگە بولغان ئورتاق نەپرەتنى ئىپادىلىدۇق، ئۆم ـ ئىناق بولۇپ، مۇستەھكەم ئىرادە تىكلىدۇق، تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا غەيرەتىمىز ئۇرغۇپ، ھېچقانداق نەرسىمىزنى ئايىمىدۇق ... توغرا ئىشلار ھەقىقەتەن ئىنتايىن كۆپ، لېكىن سەلبىي نەرسىلەرمۇ ئاز ئەمەس.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا دىككىنىس يازغان «ئىككى شەھەر خاتىرىسى» ناملىق رومانىنىڭ بېشىدىكى بىر ئابزاس سۆز سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى يازغۇچى ئاستافىيېق ئېلان قىلغان «بېلىق شاھى» نىڭ ئاخىرىدىكى: «بۇ قۇرۇلۇۋاتقان دەۋر ــ شۇنداقلا بۇزۇلىۋاتقان دەۋر؛ بۇ كىيىمىمىز پۈتۈن، يېمەك ـ ئىچمىكىمىز تەل بولغان دەۋر، شۇنداقلا قورساق تويمايدىغان دەۋر؛ بۇ ئورۇق سىلىنىۋاتقان دەۋر، شۇنداقلا ھوسۇل يىغىۋاتقان دەۋر ...» دېگەن سۆزلەرنى ئېسىمگە كەلتۈردى. بىز ھەر قېتىم بىرەر شەيئىنى ماختىغان چاغدا مۇئەييەن رەۋىشتە بۇ شەيئىنى تەنقىد قىلىدىغان يەنە بىر نۇقتىنىمۇ تاپالايمىز. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مۇشۇنداق رەڭدار ئىجتىمائىي تۇرمۇش قوينىدا ئۇنى قانداق كۆزىتىش، خام ماتېرىيالغا قانداق ئېرىشىش جەھەتتە ئۆزىمىزنىڭ قانداق ئىدىيەۋى ئېگىزلىكتە تۇرغانلىقىمىزغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

### ئادەم تەبىئىتىنى تەسۋىرلىگەندە چوقۇم سىنىپىيلىكتىن ھالقىش كېرەك

سۆزىمىزنى بايىقى قېتىمغا قايتۇرۇپ كېلەيلى. مەن «مەي بەگلىكى» نى يازغاندىن كېيىن، يەتكىچە غۇلغۇلىغا سەۋەب بولغان «تولغان ئەمچەك، سېمىز ساغرا» ناملىق رومانىنى ئېلان قىلدىم. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ رومانىنىڭ تېمىسىدا ھېچقانداق مەسىلە يوق. لېكىن، ئەگەر شۇ چاغدا بۇ رومانغا ئاشۇنداق ئىسىم قويمىغان بولسام، ئۇنىڭ تەقدىرى باشقىچە بولاتتىمىكىن دەپ ئويلايمەن. شۇ چاغدا نەشرىيات ئورۇنلىرى مەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ناۋادا رومان مۇشۇ ئىسىم بىلەن نەشر قىلىنسا سىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرەرمىكىن دېدى. لېكىن، رومانىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىۋەتسەم، ئۆزگەرتىلگەن نامىنىڭ روماندا بايان قىلىنغان ئىشلار بىلەن بىر يەردىن چىقىشى ناتايىن ئىدى. شۇڭا، رومانغا لايىق كېلىدىغىنى يەنىلا ئۇنىڭ مۇشۇ نامى دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن دېدىم ـ دە، ئەسلىدىكى نامىنى ساقلاپ قالدىم.

رومان نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن قىسمىدىكى بەزى پېشقەدەملەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. مۇنداق نارازىلىقنى مەن چۈشەنگەن يەردە ئىدىم. ئۇلارنىڭ كۆپتىن كۆپ نەتىجىلىرى خېلىلا يوللۇق ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ چەكسىز نۇقتىغا كۆتۈرۈشلىرىنى، ھەتتا بۇ رومانىنى پارتىيەگە، سوتسىيالىزمغا قارشى ئەسەر دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشلىرىنى، ئۇلارنىڭ مۇنداق پەرەزلىرىنى قوبۇل قىلالىشىم تەس ئىدى.

ئالدى بىلەن، مېنىڭچە بۇ روماندا مەن يەنىلا ئادەم ئۈستۈنلىكىدە تۇرۇپ، گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭدىن ئىبارەت ئىككى پارتىيەنىڭ نەچچە ئون يىللىق كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلىگەندىم. ئىككىنچىسى، شاڭگۈەن جىنتۇڭدەك تىپىك، مۇرەككەپ پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى ياراتقانىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا، رومانىدىكى ئانىدىن ئىبارەت پېرسوناژنى تەسۋىرلىگەندىمۇ، ئۇنى سىنىپتىن ھالقىغان ئادەم تەبىئىتى نۇقتىسىدىن تەسۋىرلىگەن ئىدىم. ئادەم تەبىئىتى ھەقىقىدىكى تەسۋىر چوقۇم سىنىپتىن ھالقىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، رېئال تۇرمۇش ئىچىدىن بۇنداق ئانىلارنىڭ ئاساسىنى تاپقىلى بولاتتى. ئۇ ئانا سەككىز قىز پەرزەنت كۆرگەن، بۇ قىزلارنىڭ بەزىلىرى قورچاق ھەربىيلەرگە، بەزىلىرى سەككىزىنچى ئارمىيە جەڭچىلىرىگە، بەزىلىرى گومىنداڭ ئارمىيەسىدىكىلەرگە ياتلىق بولغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىنى ئانىسىنىڭ بېقىشىغا تاشلاپ بەرگەن، ئانىمۇ بۇ بالىلارغا بىر كۆزدە مۇئامىلە قىلغانىدى. بۇ بالىلار دادىلىرىنىڭ قانداق سىنىپقا تەئەللۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر گۇناھسىز ئىدى. شۇڭا، بۇ ئانا بۇ بالىلارنى مىڭبىر جاپادا چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقانىدى.

مېنىڭچە مۇشۇ تەسۋىرلەشنىڭ ئۆزى پۈت تىرەپ تۇرالايتتى، شۇنداقلا يول قويسا بولىدىغان ئىش ئىدى. لېكىن، بىزنىڭ پېشقەدەم يازغۇچىلىرىمىز ئۇزاق يىللاردىن بۇيان سىنىپىي كۈرەشنىڭ تەسىرىگە يولۇققان بولغاچقىمۇ، مۇنداق يېزىشنى قوبۇل قىلالمايتتى. مېنى ئۆزۈمنى تەكشۈرۈشكە بۇيرىغاندا، مۇنداق يېزىش مېنىڭ كەشپىياتىم ياكى ئىجادىيىتىم ئەمەس دەپ ئۆزۈمنى ئاقلاپ باقتىم. سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدىكى رومانلاردىمۇ شۇنداق يېزىلغان دېگەن بولدۇم. «تىنچ دون» دىكى تەسۋىر ئەمەلىيەتتە سىنىپىيلىكتىن ھالقىغان يەردە ئىدى. شولوخوفنىڭ قەلىمىدىكى گرىكورى دېگەن بۇ پېرسوناژ زادى قايسى سىنىپنىڭ؟ ئۇ بىر ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دەسلەپتە قىزىللارغا

قاتناشقان، كېيىن يەنە ئاقلارغا قوشۇلغان. ئاخىرىدا يەنە قىزىللاردا ئەسكەر بولۇپ، يانا بىر قېتىم ئاقلارنىڭ قاتارىغا كىرگەن، بېرىپ ـ بېرىپ، ئۇياندىن بۇيانغا قېقىلدى ـ سوقۇلدى بولۇپ يالغۇز قالغان. ئۇ ئاقلارغا ئىشلىگەن چاغدا، قىزىللارنى ئايىماي قىرغان. قىزىللار بىلەن بىللە بولغاندا، ئاقلارنىمۇ ئىنتايىن باتۇرلۇق بىلەن ئەدەپلىگەن. مۇنداق ئادەم، مەيلى ئۇ قانداق ئارمىيەدە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئوخشاشلا ياخشى ئادەم، ئوخشاشلا شۇ قوشۇننىڭ قەھرىمانى. مۇنداق ئادەمگە سىنىپچە قانداق باھا بەرسەك بولار؟ ئۇ زادى ياخشى ئادەممۇ، ياكى ئەسكى ئادەممۇ، دەپ باقامسەن؟

«تىنچ دون» نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بىزدە گىرىكورىدىن ئىبارەت بۇ پېرسوناژغا قارىتا چوڭقۇر ھېسداشلىق پەيدا بولىدۇ. مۇنداق بىر غايەت زور ئىجتىمائىي، تارىخىي مالىمانچىلىقتا ئادەملەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى، تۆۋە دەپ ئېقىۋاتقان دەريادا لەيلەپ يۈرگەن بىرتال ياغاچتەك، سۇ قەيەرگە ئېلىپ ماڭسا، شۇ يەرگە قاراپ ئاقىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. مېنىڭ رومانىم ھېچبولمىغاندا مۇشۇنداق ئۇستۇنلۇككە يەتكەن، ھەتتا بۇنىڭغىمۇ يېتەلمىگەن ئەھۋالدا ئىدى. مۇشۇنىڭدىنلا، بىز ئەدەبىيات ساھەسىدە ئۆزاقتىن بۇيان داۋاملاشقان بۇ خىل كونا كونسىرۋاتىپ قاراشنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنى تەۋرىتىشنىڭ قانچىلىك مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

## ھەقىقىي رەۋىشتە روشەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ھېكايىلەرنى بىز تىنچ يازالمايۋاتىمىز

يېڭى ئەسىر كىرگەندىن بېرى، مەن ئاساسلىقى جۇڭگو ھېكايىلىرىنى مىللىيەتلەشتۈرۈش جەھەتتە ئۆزۈمنى سىناپ باقتىم. بۇ يەردە «سەندەل جازاسى» ناملىق رومانىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنى نەغمىلىك تىياتىر تىپىدىكى رومان ياكى رومانلاشتۇرۇلغان نەغمىلىك تىياتىر دېيىشكىمۇ بولاتتى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى ئازادلىق ئارمىيە سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلاردا، غەرب ئەدەبىياتىدىكى زور بىر تۈركۈم ئەسەر خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشردىن چىقتى. بىز بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدىلا يىگىرمە يىللىق دەرسنى تولۇقلىۋالدۇق. بۇ يەردىكى سەۋەب، 60 ـ يىللاردىن 80 ـ يىللارغىچە بولغان يىگىرمە يىلدىكى غەرب ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ھېچنەرسە بىلمەيمىز

دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدىغاندەك ئىدى. كىتاب ئوقۇش، بىلىمگەننى تولۇقلاشتا خۇددى جىن چاپلاشقاندەك دەرىجىدە ئىدۇق.

شۇ چاغدا ھەر يەكشەنبە كۈنى ۋېيگۇڭسۈن كەنتىنىڭ قارشىدىكى كىتابخانىغا بېرىپ كىتاب ئالاتتۇق. كۆپچىلىككە تونۇشلۇق گارسىيا ماركۇز بولامدۇ، فولكىنېر بولامدۇ، ھېمىڭۋاي بولامدۇ ياكى فىرانسىيەنىڭ يېڭى ھېكايە ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ئەسەرلىرى بولامدۇ، ئەيتاۋۇر كۆزىمىزگە چېلىققانلا كىتابنى تېپىۋالاتتۇق. كۆپىنچە كىتابلارنى بىرنەچچە بەت ۋاراقلاپلا بولدى قىلاتتۇق، كۆرمەيتتۇق. خېلى جىق ئادەملەر مېنى گارسىيا ماركۇزنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان دەيدۇ، مەن بۇنىڭدىن تانمايمەن. لېكىن ئەپسۇسلىنىدىغىنىم، ئۇنىڭ «يۈز يىل غېرىپلىق» دېگەن رومانىنى **2007** ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئوقۇپ چىققانلىقىم بولدى. شۇ چاغدا بىر نەچچە بەتنى كۆرۈپلا ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى باسالماي، ئەسلىدە ھېكايە دېگەننى مۇنداق يازسىمۇ بولىدىكەنغۇ دەپ قالغانىدىم. ئۇنداقتا مۇنداق يېزىشنى نېمىشقا بالدۇرراق ئويلىمىدىم؟ تۇرمۇشۇمدا ئوخشاپ كېتىدىغان ۋەقە ۋە ھېكايە ناھايىتى كۆپ بولغاچقا قولۇمغا قەلەمنى ئېلىپ يازغىلى تۇردۇم. قىزىقساڭلار مەن ئازادلىق ئارمىيە سەنئەت ئىنستىتۇتىدىكى چېغىمدا يازغان «ئالتۇن چاچلىق بوۋاق»، «توپ شەكلىدىكى چاقماق» نى كۆرۈپ باقساڭلار بولىدۇ. «توپ شەكلىدىكى چاقماق» تا تىنىمسىز رەۋىشتە ئۆزىنىڭ ئۈستى ـ بېشىغا قۇشلارنىڭ پىيىنى چاپلاپ، ئۇچۇپ باقسام دەپ ئارام تاپمايدىغان بىر بوۋاي بار. «ئالتۇن چاچلىق بوۋاق» تىمۇ «يۈز يىل غېرىپلىق» نىڭ پۇرىقى بار.

بىز جۇڭگولۇق يازغۇچىلار يىگىرمە يىللىق ئۆگىنىش ئارقىلىق بۇ خىل تەقلىد قىلىش باسقۇچى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولغان بولساق بولاتتى. **1987** ـ يىلى، مەن تېخى ئازادلىق ئارمىيە سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، «گارسىيا ماركۇز بىلەن فولكىنېردىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئېگىز پېچتىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەيلى» ناملىق ماقالەمنى «دۇنيا ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. مەن شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپ يۈرمەسلىك كېرەك دېگەننى ئىنتايىن ئېنىق تونۇپ يەتكەن يەردە ئىدىم. چۈنكى ئۇلار لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان پېچ ئىدى، ھالبۇكى بىز مۇزنىڭ ئۆزى ئىدۇق، ناۋادا بەك يېقىن بېرىۋالساق، ئېرىپ كېتىدىغانلىقىمىز تۇرغانلا گەپ ئىدى. بىز ئۈچۈن زۆرۈرى سۈرئەتتە، تىلى، قۇرۇلما قاتارلىق تەرەپلەردە ئۇلارنى ئاددىيغىنە دوراش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ماتېرىيالنى قانداق بىر تەرەپ

قىلىش ئۇسۇلىنى، تۇرمۇشنى كۆزىتىش ئۇسۇلىنى، ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋى يۈكسەكلىكىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئىدى. فولكنېرنىڭ ھېكايىلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، نەشردىن چىققاندىن كېيىن، بۇ ھېكايىلەرنىڭ ئاخىرىدىكى نەچچە مىڭ خەت ئارىسىدا تىنىش بەلگىلىرى بولمىغاچقا، بىزنىڭ بىر تالاي ھېكايىلىرىمىزمۇ بىر مەھەل تىنىش بەلگىلىرىدىن مۇستەسنا ھالدا يېزىلدى. بۇ سۆلەتۋازلىقتىن بۆلەك ھېچنەرسە ئەمەس ئىدى. ھەتتا ئۇنى ئائۇستىلىق دېگىلىمۇ بولمايتتى. فولكنېر بىرەر ۋەقەنى ئۈچ قېتىم سۆزلىگەن بولسا، بىز ئۇنى تۆت قېتىم، بەش قېتىملاپ سۆزلىسەكمۇ يېڭىلىق ياراتقانلىققا ھېساب بولمايتتى. گارسىيا ماركۇز بىرەر پېرسوناژنى ئەدىيالغا ئۆلتۈرۈپ ئاسمانغا چىقماقچى دەپ يازغان بولسا، بىز بىرەرسىنى قۇشنىڭ پېيىنى چاپلاپ ئاسمانغا ئۇچماقچى دەپ يازساق، بۇنىمۇ يېڭىلىق ياراتقانلىق دېگىلى بولمايتتى. بۇ ئىنتايىن چاكىنا دورامچىلىق بولغاچقا، مەن شۇ چاغدىلا بىر مۇنداق دورامچىلىقتىن دەرھال خالاس بولۇشىمىز، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق ئۆگىنىش قويىنىغا ئۆزىمىزنى ئېتىشىمىز لازىم دەپ قارىغانىدىم. بۇ ئۇنىڭ يۈزەكى تەرەپلىرىنى ئۆگىنىدىغان ئۇنداق چاكىنىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەققىي، يادرولۇق نەرسىلىرى — ئۇلارنىڭ ئىنسانىي كۆزىتىش پوتېنسىيەسىنى ئۆگىنىدىغان ئىش ئىدى.

مەن فولكنېر، گارسىيا ماركۇزلارنىڭ ھېكايىلىرىدىمۇ ھايات ـ ماماتلىق، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە ئائىت زور تۈركۈمدىكى تەسۋىرلەشنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم. لېكىن، ناۋادا سىلەر ئوقۇپ باقساڭلار، ھايات ـ ماماتلىق، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت توغرىسىدىكى تەسۋىرلەرنى كۆرسەڭلار، تۇيغۇدىكى شىددەتلىك يۇلقۇنۇشنىڭ، ئىنتايىن ئازابلىق ياكى ئىنتايىن شادلىق ھېسسىياتنىڭ بارلىقىغا كېلىشى ناتايىن. شۇڭا ئۇلار ماڭا ئالەمنىڭ ئەڭ ئېگىز جايلىرىدا تۇرۇپ، مۇشتۇمچىلىك يەر شارىدىكى ئىنسانلارغا سەپ سېلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادەملەرگە سەپ سېلىشى بىزنىڭ چۈمۈلىلەرگە سەپ سالغىنىمىزغا ئوخشايدۇ. بىز چۈمۈلىلەرنىڭ ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش جەريانىدا يەر يۈزىنى ئۆزىنىڭ جەستى بىلەن قاپلىغانلىقىنى كۆرۈمىز ئۇلار ئۈچۈن ئالغاندا، ئۆلۈپ قالغان بىرتال قۇرتنى تالىشىش ھەققەتەن بىر مەيدان جەڭ. لېكىن چۈمۈلىلەرگە قاراپ تۇرغان ئادەم ئۈچۈن ئالغاندا، قىلچە ئەھمىيەتسىز بىر ئىش. ناۋادا كۆكنىڭ قەرىدە تۇرغان خۇدا بىز ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىگە خۇددى بىز چۈمۈلىلەرگە قارىغاندەك

قاراپ تۇرالايدىغان بولسا، بۇ قاراش دەل ماركىزنىڭ ئىنسانلارنى كۆزىتىش بۇرجىكىنىڭ ئۆزى. ئۆگىنىمىز دېگەندە باشقا نەرسىلەرنى ئەمەس، مۇشۇنى ئۆگىنىشكە تېگىشلىكتەك قىلىدۇ.

يىگىرمە يىل مابەينىدە، بىز شىللىمىزغا ئارتىپ يۈرگەن بۇ گۇناھنى يۇيۇۋېتەلمەيلا ئۆتتۇق. بىر تالاي تەنقىدچىلەر ئىزچىل يوسۇندا بىزنى غەربتىكى ئەدلىيەلەرنىڭ قۇيرۇقىدا ئۆمىلەپ يۈردى، دېدى. بىز يازغان ھەرقانداق بىر پارچە ھېكايىنى گارسىيا ماركۇزغا تەقلىد قىلدى دەپ كەلدى، فولكنېرنى كلونلىدى دېگەنلەرنى تىلغا ئالدى. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئېيتقاندەك ئۇنداق سەتچىلىككە قالمىدۇق. شۇنداقتىمۇ، تېخىمۇ روشەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، ھەقىقىي رەۋىشتىكى ھېكايىلەرنى يازالمىغانلىقىمىزنى چوقۇم ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. «سەندەل جازاسى» دا قىلغانلىرىم دەل مۇشۇ جەھەتتىكى سىناقنىڭ ئۆزى ئىدى.

ھېكايىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، مېنىڭچە ھەرقانداق سەنئەت تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، چوقۇم يېڭى بىر يولنى تاپىدۇ، ئەمەلىيەتتە مۇنداق بىر نەچچە يولنىلا مېڭىشقا بولىدۇ: بىرسى سىرتتىن ئۆگىنىش، جۈملىدىن چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن، شۇنداقلا باشقا سەنئەت تۈرلىرىدىن ئۆگىنىش. بىزدەك ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار تىياتىردىن ئۆگەنسەكمۇ بولىدۇ، مۇزىكىدىن ئۆگەنسەكمۇ بولىدۇ، گۈزەل سەنئەتتىن ئۆگەنسەكمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەنئەت، چوقۇم بىرسىنى بىلىش ئارقىلىق قالغانلىرىنىمۇ بىلگىلى بولىدۇ؛ سەنئەتنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى نەرسىلەر ئوخشاش. مېنىڭچە، بىرەر مۇزىكانتنى، بىرەر راسسامنى، بىرەر يازغۇچىنى يۆلەپ تۇرىدىغان ئەڭ يادرولۇق كۈچنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەدئىي شەكىلمۇ ئۆزئارا ئالمىشالايدۇ.

مەن ئازادلىق ئارمىيە سەنئەت ئىنىستىتۇتىدىكى ۋاقتىمدا دائىم دېگۈدەك كۇتۇپخانىغا بېرىپ، غەرب سەنئەتكارلىرىنىڭ رەسىم توپلاملىرىنى ئارىيەت ئېلىپ كۆرەتتىم. ۋانگوگنىڭ رەسىملەر توپلىمى، گاۋگېن رەسىملەر توپلىمى مېنىڭ ئىجادىيىتىمگە ئىنتايىن بىۋاسىتە قوزغىتىش بېرەتتى. ۋانگوگنىڭ قەلىمىدىكى ئېگىلىپ كەتكەن دەل - دەرەخلەر، پىرقىراۋاتقان يۇلتۇزلار، ئەنسىزلىك ئىلكىدە جىددىيلەشكەن كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەن چېغىمدا، مېنى جىددىي پىسخىك تەسىراتنى تاپمىغان ياكى ئۇنىڭغا

ئېرىشەلمىگەن دەپ كىم ئېيتالايدۇ بۇ ھالبۇكى، بۇ خىل پىسخىك تەسىراتنى تىلغا ئالىلاندۇرۇپ ئىپادىلىگىلى بولاتتى.

شۇڭا، مېنىڭچە مەن باشتا يازغان ئەسەرلىرىمدىكى تىلنىڭ ئۆلچەمسىزلىكى، قېلىپتىن چىقىپ كېتىشى، شىددەتلىك بولۇشى ۋانگوگنىڭ رەسىملىرىنى كۆرگەنلىكىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. گاۋگېن، رۇسسۇلارنىڭ قەلىمىدىكى سىرلىق تۇيغۇ بىلەن پۈركەنگەن ئاجايىپ - غارايىپ كۆرۈنۈشلەر، ھايۋاناتلاردۇر. ئادەملەرمۇ يازغۇچىغا كۈچلۈك پىسخىك تەسىرات بېرەلەيدۇ. بۇنداق تەسىراتنى يېزىققا يۆزلەندۈرگىلىمۇ بولىدۇ. بۇنداق نەرسىلەر ئەلۋەتتە خاسلىققا ئىگە بولىدۇ، چۈنكى كۆرۈنۈش بىلەن يېزىقنىڭ ئارىلىقى بىر- بىرىدىن تولىمۇ يىراقتا بولىدۇ. لېكىن بۇ يەردىكى ھېسسىياتنى ئۆزئارا ئۆتۈشتۈرگىلى بولىدۇ. بىرەر يازغۇچى ياكى بىرەر سەنئەتكار تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغاندا، ھەدېسلا تەكرارلايدىغان بولۇپ قالغاندا، يېڭى پىكىرگە كۈچى يەتمەيدىغان بولۇپ قالغاندا بۆسۈپ چىقىپ كېتمەن دەيدىغان نىيەتكە كەلگەن بولسا، سىرتتىن ئۆگىنىش كېرەك. گارسىيا ماركۇزدىن، فولكنېردىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھېكايىلىرىدىن، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ھېكايىلىرىدىن، ياپونىيە ھېكايىلىرىدىن ئۆگىنىش كېرەك؛ ئاندىن قالسا، مۇزىكا ئاڭلاش كېرەك، مۇزىكانتلاردىن ئۆگىنىش كېرەك؛ داڭلىق رەسىملەرنى كۆرۈش، رەسساملاردىن ئۆگىنىش كېرەك؛ ھەتتا سېرك ئارتىسلىرىدىن ئۆگىنىشمىز كېرەك. ھەرقانداق سەنئەتنىڭ مەنىۋىيەت چوڭقۇرىدا ئۆزئارا تۇتۇشىدىغان جايى بولىدۇ.

يەنە بىر ئۇسۇل خەلق ئىچىدىن ئۆگىنىش كېرەك. خەلق ئىچى دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئىنتايىن مول، ئۇ خەلق ئىچىدىكى پۈتكۈل تۇرمۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن بۇ يەردە نوقۇل ھالدا خەلق ئىچىدىكى سەنئەتنى كۆزدە تۇتماقچى. مېنىڭ ئانا يۇرتۇم گاۋمىدىكى قەغەز قىيمىچىلىق، لاي قونچاق قاتارلىق سەنئەتنى ئالساق، بۇ شۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدىن بوشىغان چاغدىكى كۆڭۈل ئېچىش ياكى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى نېمىلا بولمىسۇن ئاز - پاز زىننەتلەپ قويۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇلار دەماللىق ئىجاد قىلىنىدۇ. ئۇلارغا ئۇستاز يوق، ياسىغان نەرسىلىرىنى تاۋار قىلىپمۇ ساتمايدۇ. يېزا ئاياللىرى چاغان كېلەي دەپ قالغاندا، كاڭدا ئولتۇرغان پېتى قايچا بىلەن ھەر خىل نەقىشلەرنى قىيىپ چىقىرىدۇ - دە، ئۇلارنى دېرىزىگە چاپلاپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى بېزەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ

مجەز ـ خۇلقى ياكى بەدىئىي گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ تەبىئىي يوسۇندا نامايان بولۇشى، خالاس؛ ئۇلارنىڭ ماھارىتى ئىنتايىن ئاددىي بولۇشى مۇمكىن. ئىپادىلىگەن نەرسىلەرنىڭمۇ ناھايىتى ساددا بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە چوقۇم بىزنى تەسىرلەندۈرىدىغان، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدىغان بىرنەرسە بولىدۇ. بىزنىڭ گاۋمىدىكى لايدىن ياسىغان لاي قونچاقلارمۇ سىپپى ئۆزىدىن يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئۇلارنىمۇ ئوخشاشلا دېھقانلار دېھقانچىلىقتىن بوشىغان چاغلاردا، لايىنى مىجىپ ياسايدۇ ـ دە، ئاز ـ ماز رەڭ سۈركەپلا بولدى قىلىدۇ. لېكىن بۇلار بۈگۈنكى كۈندە تاۋارغا ئايلاندى. بۇ نەرسىلەردىمۇ بارا ـ بارا مۇئەييەن ھالدا مەلۇم ئۇسلۇب شەكىللىنىدۇ. ئۇلار ياسىغان يولۋاسلار شۇنچىلىك يۇۋاش، شۇنچىكى ئاقكۆڭۈل، ۋەھشىي يولۋاسلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ رەڭگى ياكى شەلپەردەك قىپقىزىل ياكى زىيادە يېشىل، ئىنتايىن كۈچلۈك سىلىشتۇرما پەيدا قىلىدۇ. ئۇسلۇبىمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. شىئەننىڭ ئەتراپىدىكى خەن دەۋرىگە تەئەللۇق ھەيكەللەر، تاش ئويمىلار پادىشاھلىقنىڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن يەنىلا ھېلىقى ئاددىي ـ ساددا شىجائەت، كەڭ قورساقلىق چىقىپ تۇرىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئوخشىغان بىلەن ئوخشىمىغاننىڭ ئارىسىدىكى بىرنەرسە بولىدۇ. دېمەكچىمەنكى، بىزنىڭ گاۋمىدىكى لاي قونچاقلار، مەيلى ئۇلار يولۋاس، شۇ كىچىك بالا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى مۇشۇنداق. ئوخشىمامدىكىن دېسەڭ، سەل ـ پەل ئوخشايدىغاندەك قىلىدۇ. ئوخشامدىكىن دېسەڭ، ئەسلىي ھالىتىدىن پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن، تەسەۋۋۇردىكى شىر ـ يولۋاسلارغا يېقىن بىر نېمە بولىدۇ.

مۇشۇنداق ئوخشاشلىق بىلەن ئوخشىماسلىق ئەمەلىيەتتە تىپىك شەرق سەنئىتىنىڭ بەدىئىي مۇقامى ۋە پىكىر مەنزىرىسى. مۇنداق بەدىئىي پىكىر مەنزىرىسىنىمۇ بىزنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىمىزگە ئېلىپ كىرىشكە بولىدۇ.

خەلق ئىچىدىكى تىياتىرلىق ئەلنەغمىلەرنى ئالايلى گاۋمىدا «ماۋجياڭ» دەپ ئاتىلىدىغان تىياتىرلىق ئەلنەغمە بار. مەن «سەندەل جازاسى» دېگەن رومانىمغا «ماۋجياڭ» دىكى «ماۋ» نى مۇشۇكتىكى «ماۋ» غا ئۆزگەرتىپ كىرگۈزدۈم. بۇ كىچىك تىياتىرنىڭ تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى تار، ئاران ئىككى ـ ئۈچ ناھىيە بىلەنلا چەكلىنىدۇ. خەلق ئىچىدىكى بۇ كىچىك تىياتىر دەسلەپىدە پۈتۈنلەي دېگىدەك كوچا

ـ كويلاردا ، كەڭرەك سورۇنلاردا ئوينالغان . بىرەر تالىپنىڭ ئىمتىھانغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئىشەك مىنىپ يولغا چىققانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندا ، ھەقىقىي ئىشەكتىن بىرنى سەھنىگە چىقارغان . ئەمەلىيەتتە تەرەققىي قىلىپ نەچچە يۈز يىل ئۆتكەندە ، بارغانسېرى ئۆلچەملەشتى . تەدرىجىي رەۋىشتە باشقا تىياتىر تۈرلىرىنى ، ئالايلۇق جىڭجۈي تىياترى ، لۈيجۈي تىياترى قاتارلىقلاردىن ئۆگەندى . باشتىكى كونا نەرسىلەر بارغانسېرى ئازايدى ، كىيىملىرى ، گىرىملىرى چىراي پەرداشلىرى بارغانسېرى جىڭجۈي تىياترىغا يېقىنلاشتى . بىردىنبىر نەرسە ، يەنى ناخشىلىرى يەنىلا يەرلىك شۇيدە ئېيتىلىۋەردى . دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ناخشا تېكىستلىرى يەرلىك تۇرمۇش پۇرىقى بىلەن ئىنتايىن تويۇنغان . جىڭجۈي تىياترىنىڭ تېكىستلىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە تولىمۇ سىلىق ، ئالىلىبۇرۇن قېلىپلىشىپ بولغانىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە جىڭجۈي تىياترىدىكى تېكىستلەردە قەدىمكى خەنزۇ تىلى ياكى بولمىسا يېرىم كونا ـ يېرىم يېڭى تىل ئىشلىتىلەتتى ، تارىخىي تەمسىللەر كۆپ بولاتتى . ھالبۇكى ، خەلق ئىچى تىياتىر ئەلنەغمىلىرىدىكى تىل باشتىن ـ ئاياغ يۇقرالارنىڭ كۈندۈلۈك تۇرمۇشتىكى تىلى ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئاۋامنىڭ تىلى ئىدى . شۇنداقلا بۇ ئاۋام تىلى يەرلىك تەلەپپۇز بىلەن ئېيتقاندا قاپىيەگە چۈشكەن بىلەن ، ئورتاق تىلدا ئېيتقان ھامان قاپىيەسى جايىغا چۈشمەيتتى . مۇنداق تىياتىر ئەلنەغمىلەر ھەقىقەتەن يەرلىك يۇقرالارنىڭ كۆڭلىنى ئالالايتتى . شۇڭا يەرلىك خەلق بۇ تىياتىر ئەلنەغمىنى «خوتۇن خەقنى باغلاپ قويىدىغان قوزۇق» دەپ تەرىپلەيتتى . ئۇلارنىڭ مۇنداق دېگىنى ، ئاياللارنىڭ بۇ نەغمىلەرنى ئاڭلىغاندا خۇددى باغلاپ قويغاندەك مىدىر ـ سىدىر قىلماي جىم تۇرىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتاتتى . دېمىسىمۇ بۇ تىياتىر ۋە ئۇنىڭدىكى ئەلنەغمە ئاياللارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايتتى ، چۈنكى ئۇنىڭدا ئىپادىلىنىۋاتقىنى ئۇلارغا ئىنتايىن تونۇش بولغان كۈندۈلۈك تۇرمۇش ئىدى . ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ ھېسسىياتى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتى ئىدى .

دېمەكچىمەنكى ، بىزنىڭ ھېكايىلىرىمىز ئىنتايىن روشەن ھالدىكى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلمەن دېسە ، چوقۇم ئەل ئىچىدىكى مەدەنىيەتتىن ئۆگىنىشى كېرەك . جۈملىدىن ئەل ئىچىدىكى مەن تىلغا ئالغان ھەر خىل سەنئەت شەكىللىرىدىن ئۆگىنىشى كېرەك . مەدداھلىق ۋائىزلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئويۇنكەشلەردىن ئۆگىنىشى كېرەك . ئۇلار بازاردىكى دەستىنىڭ ئوتتۇرىسىغا شىرەنى

قويۇۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى ئۇنداق چىڭقىلىپ يۇرمەيلا مارجاندەك تۆكەلەيدىغانلاردىن. ئۆلچەملىك نۇسخا بار دېگەندىمۇ، ئۇلار ئۇنى ئۆزى خالىغانچە ئۆزگەرتەلەيتتى. ئۇلار ھەتتا شۇ دەقىقىدىكى كەيپىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلاشقان ھالدا، سۆزلىگەنلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئادەملەرگە يېڭى گەپلەرنى قىلغۇزالايتتى. چۈنكى مۇشۇنداق سورۇن ۋە ئۇ يەردىكى جامائەتكە روبرو بولغان ھالدا قىلىنىۋاتقان ئىجادىيەت تىلىنىڭ رىتىملىق بولۇشىنى، ئۇنىڭ قۇلاققا خوش ياقىدىغان بولۇشىنى تۇجۇپلەيتتى. دەرۋەقە، كىتابقا يېزىلغان بىر تالاي نەرسىلەرنىڭ دىكلاماتسىيە قىلغاندا ئۇنداق دولقۇنلۇق، جاراڭلىق چىقمايدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان، ياخشى نەرسىلەرنىڭ دىكلاماتسىيەگە پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كېلىشى ناتايىن. لېكىن بەدىئىي پۈرىقى ئانچە يۇقىرى بولمىغان بەزى شېئىرلارنىڭ دىكلاماتسىيەسى شۇنچىكى ھەيۋەتلىك بولىدىغان ئىشلارمۇ بار. رىتىمى ئىنتايىن ئوچۇق بولغاچقىمىكىن، ئاڭلىغان ئادەمنىي يۈرىكىنى ئوينىتىپ، جىم تۇرغۇزمايدۇ. ئالايلۇق، ماياكوۋىسكىنىڭ شېئىرلىرىنى دىكلاماتسىيە قىلىدىغان بولساق، بولۇپمۇ ئۇنىڭ دىكلاماتسىيە شېئىرلىرى، پەلەمپەي شەكىلدىكى شېئىرلىرى دىكلاماتسىيە قىلىنسا، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبى زىلزىلىگە كېلىدۇ، تەسىرلىنىدۇ. لېكىن، بۇتلىرىنىڭ، باندىنىڭ شېئىرلىرى دىكلاماتسىيە قىلىنسا ئۇنداق ئۈنۈم پەيدا بولمايدۇ. يەنە ئالايلۇق، «ئوت ئىچىدىكى باتۇرلار» ناملىق ھېكايىنى ئەل ئىچىدىكى مەدداھ ـ ۋائىزلار، ئەلنەغمىچىلەر قىسسە قىلىپ سۆزلىسە بولىدۇ. لېكىن، بەزى ھېكايىلاردا مۇنداق ئىقتىدار ھازىرلانمىغان بولىدۇ.

مەن «سەندەل جازاسى» دا ئەمەلىيەتتە ئاغزاكى مەدداھلىق ئۇسلۇبىغا كۆڭۈل بۆلدۈم. ئۇنىڭ بازار دەستىلىرىدە جامائەتكە دىكلاماتسىيە قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلدىم. شۇ ۋەجىدىن، بىر تالاي قاپىيەلىك جۈملىلەرنى ئۇقۇپ چىقتىم. تىياتىرلاردا بولىدىغان قاپىيەلىك تېكىستلارنى ئىشلەتتىم شۇنداقلا، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىمۇ. تىياتىر ـ ئەلنەغمىلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ سىياقىدا ئورۇنلاشتۇردۇم. تىياتىر ـ ئەلنەغمىلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ پەردازلانغان پېرسوناژلار ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم، بولۇپمۇ جىڭجۈي تىياتىرلىرىدا پېرسوناژلارنىڭ پەردازلىنىشى ئىنتايىن ئېنىق. ئالايلۇق، قارا يۈزلەر، ئالاچىرايلار، قاقۋاشلار، چوكانلار، دېدەكلەر، ئوغۇل باللار، چامباشچى قىزلار، ھەزىلكەشلەرنىڭ ئالىدىغان رولى ناھايىتى ئوچۇق پەرق قىلىدۇ. بىز ھېكايە ئىجادىيىتىدە پېرسوناژلارنىڭ پەردازلىنىشىدىن بەك ھەزەر

ئەيلەيدىغان بولساقمۇ، لېكىن مەن «سەندەل جازاسى» نى يېزىۋاتقاندا، پېرسوناژلارنى قەستەن پەردازلىدىم. ئۇنىڭدىكى ھەربىر پېرسوناژنى تىياتىردىكىلەردىن پەرق قىلمايدىغان ھالغا كەلتۈردۈم. مۇنداق ھېكايىنىڭ نەشر قىلىنغان ھامان ياخشى ـ يامان گەپلەر بىلەن كۆمۈلۈپ كېتىدىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ تۇردۇم. بەزىلەر قالتىس يېزىلىپتۇ ـ دېدى. بەزىلەر رەسۋالىقتا ئۇچىغا چىقىپتۇ دېدى. لېكىن، ئەل ئىچىدىكى تىياتىر ـ ئەلنەغمىلەر بىلەن بىرلەشتۈرىمەن دېگەنىدىكىن، مۇقەررەر يوسۇندا تىلىنىڭ پاكلىقىنى بۇزۇش ۋە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىش كېرەك ئىدى.

نەچچە ئون يىل مابەينىدىكى تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلى، بىزنىڭ نۇرغۇن يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ھېكايە تىلى پەۋقۇلئاددە چىرايلىق ۋە نازۇك بولۇپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ۋە يۇقىرالارنىڭ تىلىدىكى جانلىق، مەردانە، ساددا نەرسىلەر كۆنسايىن غايىپ بولۇشقا يۈزلەندى. مەن «سەندەل جازاسى» دا مۇشۇنداق چىرايلىق، نازۇك تىل بىلەن غەرەزلىك ھالدا قارشىلىشىپ باقماقچى بولدۇم. شۇلارغا كۆرە، يۇقىرالارنىڭ تىلىنى، جانلىق تىلىنى، ساددا تىلىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

ھەممەيلەنگە مەلۇم، قاپىيەلەشتۈرۈش تۈپەيلى، تىياتىرلاردا ھەممە يەردە دەستەك قىلىپ كۆتۈرۈپلا يۈرىدىغان، پەقەت قويۇپ بەرمەيدىغان بىرمۇنچە سۆزلەر بولىدۇ. ئالايلۇق: «ئاتتىن چۈشسەم يەرگە ئېغىناپ» دېگەن جۈملىدىكى «ئېغىناپ» دېگەن سۆز قانداق چاغدا ئىشلىتىلىدۇ؟ بۇ تىياتىر تېكىستلىرىدە دائىم ئۇچرايدىغان سۆز، ئۇ ئاتتىن يېقىلىپ چۈشتۈم دېگەن مەنىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. مەنمۇ ئاشۇنداق قاپىيەنى كۆزدە تۇتۇپ، چۈشەنگىلى بولىدىغان بىلەن چۈشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنىڭ ئارىسىدىكى بىرمۇنچە مىسرانى قەستەن ياسىدىم. ھەتتا ئوخشاش مەنىدىكى خەتلەرنى تالاي قېتىم تەكرارلىدىم. مۇنداق تەكرارلاشنىڭ ھەممىسىنى كېسەل جۈملە دېگىلىمۇ بولماس. خەنزۇ تىلىدىكى ئىستىلىستىكىدا ئوخشاش مەنىدىكى خەتلەرنى تەكرارلاشمۇ بىرخىل ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرالارنىڭ تىلىدا خۇپسەنلىك بىلەن دېيىلىدىغان گەپ ـ سۆز ئىنتايىن كۆپ. بىز يېزا ـ كەنتلەرگە بارغاندا، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ تىلىدىن بىلىنىپ تۇرغان يۇمۇرلۇق نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قەستەن ھالدا خۇپسەنلىك بىلەن

ياسالغانلىقنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار بەزىدە ھەتتا دائىم ئىشلىتىدىغان بەزى ئىسىملارنى قەستەن هالدا چالا ئىشلىتىدۇ. ئالايلۇق، سىزنى كۆرۈپ «يىغلاپ تاشلىدىم» دېگەن سۆزدە، ئۇلار «يىغلاپ تاشلىدىم» نىڭ ئورنىغا «يېشىم تورۇكلاپ چۈشتى» نى ئىشلىتىدۇ. «قورقۇپ يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى» دېگەننىڭ ئورنىغا «چۆچۈپ كەتتىم» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ. مۇشۇ تەرىزدىكى كۆپتىن ـ كۆپ چالا سۈپەتلەش سۆزلىرى ئادەمگە تولىمۇ تاتلىق تۇيۇلىدۇ. بەزىدە ئۇلار ئىسمىنىمۇ بۇزۇپ ئىشلىتىدۇ. بىرەرسىنىڭ ئايالى ئەر كىشى بىلەن سوقۇشۇپ قالغان بولسا، «باش كۆزى يېرىلىپتۇ» دېگەننىڭ ئورنىغا «قۇلاق ـ بۇرنى تېگىپ كېتىپتۇ» دەيدۇ. شۇجىلارنىڭ ئەمەلگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى «تارىشا پۇتۇكلەرگە يېزىپ قويۇپ ھېساب ئالغۇدەك دەرىجىدە شانلىق سىياسىي نەتىجىلەرنى ياراتتى» دەپ تەرىپلەيدۇ... مەن «سەندەل جازاسى» دا مۇشۇنداق ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇلدىن پايدىلاندىم. پۇقرالارنىڭ تىلى بىلەن تونۇشلۇق كىشىلەر بىر قاراپلا بۇنىڭ دېھقانلارچە يۇمۇرلۇق گەپ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. لېكىن زىيالىيلار بۇ يازغۇچى «تارىشا پۇتۇككە پۇتۇپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى بىلمەيدىكەن دېمەي قالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە مەن ئوبدان بىلمەن، ھېكايىدىكى پېرسوناژلارمۇ ئوبدان بىلىدۇ، يېزا كەنتلەردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. بۇ يەردىكى گەپ، تىلنى ھېكايىدىكى كونتېكستتىن ئايرىلىپ، ھېكايىدىكى پېرسوناژنىڭ كىملىكىدىن ئايرىلىپ تۇرۇپ يەككە ھالەتتە تەھلىل قىلىش ئىلمىيلىق بولمايدۇ. يازغۇچى نېمە ئۈچۈن پېرسوناژلارغا مۇشۇنداق تىل بەردى دېگەن مەسىلىنى چوقۇم ھېكايىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدىكى كونتېكست بىلەن ۋە پېرسوناژلارنىڭ كىملىكى بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا ئاندىن ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

«سەندەل جازاسى» ناھايىتى كۆپ چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، ئۈنۈمى تازا دېگەندەك بولمىدى. بۇ كىتابنى جۇڭگولۇق ئەدىبىي تەنقىچىلەر تۈزۈك چۈشەنمىگەن ئەھۋالدا، غەربنىڭ تەرجىمانلىرىنىڭمۇ چۈشى ئۆتمەي، خوپ قىينالدى. مۆلچەرىمچە، بۇنىڭغا يۇقىرىدىكى ئىشلار سەۋەب بولدى بولغاي. مەندىن ئېرىنمەي سوئال سوراپ تۇرغان تەرجىمانلارغا خېلى ئىشەنچ قىلغان بولسامۇ، بەزى تەرجىمانلار مەندىن بىرەر ئېغىز گەپمۇ سوراپ قويمىدى. بۇ كىتابنى جۇڭگولۇق ئوقۇرمەنلەرمۇ خاتا

ئوقۇۋاتقان يەردە، گېرمانىيەلىك ياكى كورىيەلىك ئوقۇرمەنلەر قانداق چۈشىنەر؟ شۇڭا دەيمەنكى، ياخشى بىر ھېكايە ياكى ئالاھىدىلىكى بار ھېكايە تەرجىمە جەريانىدا ناھايىتى زور پىشكەللىككە دۇچ كېلىدۇ، تەرجىمان بەلكى ھېكايىنىڭ دەل مەنىسىنىمۇ تەرجىمە قىلالماسلىقى مۇمكىن. ئۇنداق ئەھۋالدا گەپنىڭ تېگىدىكى گەپنى تەرجىمە قىلىشتىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئاخىرىغا بېرىپ، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ نازۇك يەرلىرى چۈشۈپ قالىدۇ. بىزنىڭ تىلىمىزنى ھەددىدىن زىيادە مول دېگەندە، بۇ مول‌لۇق كۆپتىن كۆپ يوشۇرۇن گەپ ـ سۆزلەرنى ۋە گەپنىڭ تېگىدىكى گەپنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇنداق نەرسىلەرگە دەل جايىغا چۈشىدىغان چۈشەندۈرۈشنى تاپماق ئىنتايىن تەس. ئاۋۋال تەسىرلىنىشنىڭ، ئاندىن كۈلۈپ كەتكەن بولۇشۇڭ كېرەك. لېكىن يازغۇچىنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى توغرا تەرجىمە قىلىپ بېرىش ئۇنداق ئوڭايغا توختىمايدۇ.

«سەندەل جازاسى» نى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، «قىرىق بىر زەمبىرەك» ناملىك رومانىنى يازدىم. بۇمۇ ئەمەلىيەتتە سىمۋوللاشتۇرۇلغان ھېكايە ئىدى. ئۇنىڭدا مەن ئالجىپ قالغاندەك گۆش يەيدىغان بىر بالىنى ياراتتىم. بۇمۇ مېنىڭ بالىلىق نەزىرىمدىكى تۇرمۇشقا نىسبەتەن قىلىنغان ئومۇمىي خۇلاسە ئىدى. بەزىلەر مېنىڭ بالىلىق نەزەر بىلەن يازغان ھېكايىلىرىمنى چوڭلارنىڭ نەزىرىدە يازغانلىرىمغا قارىغاندا ياخشى دەپ باھا بەردى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل پەرىزىگە قوشۇلىمەن. مۇشۇ تۈپەيلى، مەن بالىلىق نەزىرىمنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، ئۇنى «قىرىق بىر زەمبىرەك» تە ساراڭلارچە ئىشلىتىپ باقتىم. تەييارلىقىم پۈتكەندىن كېيىن، قايتا ئۇنداق قىلىۋېرىشكە رايىم بارمىدى.

### ئادەمنىڭ تەقدىرىدىكى ئۆتنە جاھان جەمئىيەتتىكى ئۆتنە جاھان بىلەن ئوخشاش

كېيىنچە مەن «ھايات ـ ماماتلىق چارچاش» ناملىق رومانىنى يازدىم. ئۇنىڭدا بۇددا دىنىدىكى ئالتە قېتىملىق سانسارا (ھاياتلىقنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇشى) ئارقىلىق، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن بىر ئادەمنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ ئېشەككە، كالىغا، چوشقىغا، ئىتقا، مايمۇنغا، ئاخىرىدا يەنە ئادەمگە ئايلانغان قايتىلانما تۇرمۇشنى سۆزلىدىم. جۇڭگودىكى ئەللىك يىلدىن بېرى غايەت زور ئۆزگىرىشنى ئوخشىمىغان ھايۋانلارنىڭ كۆزى ئارقىلىق كۆزىتىپ باقتىم.

روماندا غەلتىرەك بىر پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى ياراتتىم. ياشىنىپ قالغان كىشىلەر 80 ـ يىللاردىن بۇرۇن جۇڭگودا خەلق گۇڭشېسى دەيدىغان ئىقتىسادىي تەشكىلنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ. بىزمۇ 50 ـ يىللاردىن باشلانغان كوپېراتسىيەلىشىش ھەرىكىتىنىڭ ئىزچىل يوسۇندا خەلق گۇڭشېسىگە قەدەر تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ جۇڭگودىكى بىر قېتىملىق غايەت زور ئۆزگىرىش ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. تارىخنىڭ ئېقىمى شۇنداق شىددەت بىلەن ئۆركەشلەپ ئاققانكى، بۇ ھەرىكەت بىلەن قارشىلىششقا ھېچكىم پېتىنغان ئەمەس. لېكىن، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە مېنىڭ مەھەللەمدىكى كۆك يۈز لەقەملىك بىر دېھقان پۈتۈنسۈرۈك گۇڭشې بىلەن قارشىلىششقا جۈرئەت قىلغان، ھەممە ئادەم خەلق گۇڭشېسىگە كىرگەندە پەقەت ئاشۇ ئادەملا كىرمىگەنىدى.

باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، مۇشۇ يەككە دېھقاننىڭ ئاقساق ئېشەك قوشۇلغان ھارۋىنى ھەيدەپ، مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتكىنىنى كۆرەتتىم. ياغاچ ھارۋا قۇلاققا خۇشياقمايدىغان سەت ئاۋازدا غىچىرلايتتى. ئۇنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ناھايىتى يىراق يەردىنلا ئاڭلىناتتى، بۇ ئاۋاز ئۇ خېلى ئۇزاققا كەتكەندىن كېيىنمۇ قۇلىقىمىزنىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىپ تۇرغان بولاتتى. بۇ ئادەم مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. ھەممەيلەن ئۇ چاغدا ئۇنى ئەيۋەشكە كەلمەيدىغان جاھىل قېرى دەيتتى. ئۇنى كۆرەشكە تارتقانلار ئۇنى ھاجەتخانىدىكى تاشتەك ھەم قاتتىق، ھەم سېسىق ئەبلەخ، تارىخنىڭ ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت قىلغان، ھارۋىنى توسماقچى بولغان ياچبەگ دەپ تەنقىدلەيتتى. لېكىن ئۇ بىر گەپتىن يانمايتتى. يەنى يەرنى ماڭا گۇڭچەنداڭ بەرگەن، گۇڭچەنداڭ ئېلان قىلغان خەلق گۇڭشېسىنىڭ نىزامنامىسىدىمۇ ئۇنىڭغا كىرىش ئىختىيارى بولىدۇ، چېكىنىپ چىقىشىمۇ ھەربىر ئادەمنىڭ ئەركىنلىكى دەپ ئېنىق سۆزلەنگەن، بۇنىڭغىمۇ ماۋجۇشى قول قويغان دەپ چىڭ تۇراتتى. مۇشۇ تۈپەيلى ئۇ ھەرقانداق ھەيۋە، ئالداشلار ئالدىدا تەۋرەنمىگەن ئىدى. بۇ ئەھۋال شۇ چاغدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئوغىسىنى قايناتقان ئىدى. ئويلاپ باقمامدىغان، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زېمىنى بىر تۇتاش قىزىللاشقان تۇرسا، پەقەت بىرلا ئادەم يەككە ئىگىلىكتىن ۋاز كەچسە، خەلق گۇڭشېسىدەك پايانسىزلىق ئىچىدە، بىر يەككە دېقاننىڭ ئېتىزى قىسىلىپ تۇرىۋالسا، بۇ قانداق بولغىنى؟ جامائەت بۇ قارا چېكىتنى بىر ئامال قىلىپ كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ باققان، ئۇنى سەپەرۋەر قىلغان، ئۇنى قورقۇتقان ئىدى.

ئاخىرىغا بېرىپ، ئائىلى، ئوغلى، قىزى ئۇنىڭ بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، خەلق گۇڭشېسىگە كىرگەن بولسىمۇ، ئۇ ئاخىرىغىچە بويۇن ئەگمىگەندى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە، قىزىل قوغدىغۇچىلار ئۇنى ئاياپ ئولتۇرمىدى، ئېسىپ قويۇپ ئۇردى، تەن جازاسى بېرىپ قىيندى، ئاخىرىدا ئۇ بۇ قىيناشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى.

مۇشۇنداق بىر ئادەم ئۇزۇن يىللارغىچە مېنىڭ خىيالىمدىن چىقمىدى. مەنمۇ بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئۇنى ئۆزۈمنىڭ ھېكايىلىرىغا كىرگۈزىمەن، ئۇنى ھېكايىدىكى مۇئەييەن بىر پېرسوناژغا ئايلاندۇرىمەن دەپ يۈردۈم، لېكىن ئۇزاق ۋاقىتقىچە بۇ ئادەمنىڭ قىممىتىنى ئاڭقىرالمىدىم. كېيىنكى كۈنلەردە، مۇشۇنداق غەلىتە ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئىنتايىن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي بىلىپ يەتتىم. **80** ـ يىللارغا كەلگەندە، خەلق گۇڭشېسى پارچىلاندى. يەر دېھقانلارغا يېڭىباشتىن تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. مەھەللىمىزدىكىلەر شۇ چاغدىلا ئۇنى ئېسىگە ئېلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا كۆز يېشى قىلدى. بىز نەچچە ئون يىل ئۆزىمىزنى ئاۋارە قىلىپ، ئەمدىلىكتە يەنىلا يەككە ئىشلەشكە قايتىپتۇق، يەنىلا شۇ كۆك يۈز بولىدىغان ئادەم ئىكەن دېيىشتى. بۇ كۆك يۈز ئەگەر ھايات بولغان بولسا، چوقۇم قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتكەن، سىلەرگە يېڭىدىن يەر تەقسىملەپ بېرىپتۇ، ماڭا بەرمىسمۇ بولىدۇ، مەن ئىزچىل ھالدا يېرىم بار ئادەم، دېگەن بولاتتى.

ئادەمنىڭ تەقدىرىدىكى بۇخىل دەۋرىيلىك بىلەن قايتىلىنىش ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشتىكى قايتىلىنىش بىلەن ئوخشاش. «ھايات ـ ماماتلىق چارچاش» تىكى ۋەقە **1950** ـ يىلدىن باشلاندى. يېزىپ ئاخىرىغا كەلگەندە، مېنىڭ بايانلىرىمدا مۇشۇنداق بىر قايتىلىنىش بارلىققا كەلدى. گېگىل: «جەمئىيەت بۇرما مىختەك ئۆرلەيدۇ» دېگەن. ماركسىزمنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ئاساسى نەزەرىيەسىدىمۇ: «ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۈزۈكسىز ئايلىنىپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا بۇرما مىخ شەكلىدە ئۆرلەيدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. لېكىن، ھەر قېتىملىق ئايلىنىش ئەمەلىيەتتە ھەرگىزمۇ ئەسلىدىكى نۇقتىغا قايتىپ كېلىش ئەمەس، ئەكسىچە تېخىمۇ يۇقىرى بىر قاتلامغا يېتىش بىلەن تاماملىنىدۇ.

**80** ـ يىللاردىكى ئىسلاھات قارىماققا يەرنى يەنە بىر قېتىم دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بەرگەندەك قىلىدۇ. لېكىن بۇ نۆۋەتتىكى يەر تەقسىم قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى **1949** ـ يىلىدىكىسىگە ئوخشىمايدۇ.

شەكىل جەھەتتە ئوخشاشتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن جەزىم قىلىشقا بولىدۇكى ئەھمىيىتى ئوخشاش ئەمەس. بۇ ھېكايىدا مەن دېھقانلار بىلەن يەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى مەركەزلىك ھالدا ئويلاپ باقتىم. بۇمۇ جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق مەسىلىنىڭ بىرى ئىدى. پارتىيەمىز ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى ئېلىپ بارغان يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلابمۇ ئەمەلىيەتتە يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى كۆزدە تۇتقانىدى. تارىختىكى ئايغى ئۆزۈلمەي ئالمىشىپ تۇرغان سۇلالىلارمۇ يەر تۈپەيلى ئالماشقانىدى. مېنىڭچە 80 ـ يىللاردىكى ھەربىر دېھقاننىڭ يەرگە بولغان مۇھەببىتى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگەشكەن ھالدا، يەردىن زېرىكىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ياشلار بىر ـ بىرلەپ يۇرتىدىن ئايرىلىپ، شەھەرلەرگە قاراپ مېڭىۋاتىدۇ. يەر تېرىشقا قالغانلىرى پەقەت قېرى، ئاجىز، كېسەل، مەجرۇھلاردىنلا ئىبارەت، خېلى كۆپ يەر چۆلدەرەپ قالدى. مۇشۇندىق ئەھۋالدا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ پەسكويغا چۈشۈپ قېلىشى دېھقانلار بىلەن يەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنە بىر مەرتىۋە تەڭشەش لازىملىقىنى چۈشەندۈردى. شۇڭا، مېنىڭ ھېكايەمدىكى پېرسوناژ كۆك يۈز يەرلا ئىلكىمدە بولىدىكەن، مەن ھەققىي خوجايىن دەيدۇ. مەن بۇخىل ئىدىيەنىڭ قالاق ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، لېكىن نېملا بولمىسۇن، مەن ھېكايەمدە يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىش دەيدىغان ئىدىيەنى جان ـ جەھلىم بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتىم. بۇمۇ كۆز ئالدىمىزدىكى رېئال جەمئىيەت تۈپەيلى بارلىققا كەلگەن ئەندىشە. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇشۇ يىگىرمە يىلدىن بۇيان جۇڭگونىڭ شەھەرلىرى تەلۋىلەرچە كېڭەيدى، بېيجىڭدىن تارتىپ شاڭخەيگىچە ئارىلىقتىكى ھەربىر ناھىيە، ھەتتا ھەربىر بازار خۇددى يوقاتقان ھالدا كېڭەيگىلى تۇردى. نەگىلا قارىساڭ شۇنداق كەڭ يول، ئېگىز بىنا، يەرنىڭ پوستىنى سېمونت قاپلاپ بولدى. ھالبۇكى دېھقانلارنىڭ يېرى قولدىن كەتتى. نەتىجىدە ھەدېسلا ئاشلىق ئىمپورت قىلىنىدىغان ئىش كېلىپ چىقتى. مۇشۇنداق كېتىۋېرىشنىڭ ئۆزى ئادەمنى ئەنسىزچىلىككە سالىدىغان ئىش ئىدى.

2000 ـ يىلى مەلۇم بىر گېزىت مېنى زىيارەت قىلغاندا، يېڭى مىڭ يىلدا ئەڭ غەم قىلىدىغان ئىشىڭىز نېمە؟ دەپ سورىدى. مەن ئاشلىقنىڭ يوقلىقىدىن غەم قىلىمەن، دېدىم. مەن 60 ـ يىللاردىكى ئاچارچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنىڭ ئالتۇن

ئەمەس، ئالماس ئەمەس، ئۆيمۇ ئەمەس، بەلكى ئاشلىق ئىكەنلىكىنى ھەممىدىن بەك بىلەتتىم. سەن پەقەت يەيدىغان ئاشلىق قالمىغاندىلا، باشقا ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئەسقاتمايدىغانلىقىنى بىلىسەن. مەن ئۆلارغا بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدىكى بىر يەر ئىگىسى بىلەن يىللىقچىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ كەلكۈن كەلگەندە، يەر ئىگىسىنىڭ بىر خالتا ئالتۇننى يۇدۇپ، يىللىقچىنىڭ بىرخالتا ناننى يۇدۇپ قېچىپ ماڭغانلىقىنى، ئىككىيلەن ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ قېشىغا كەلگەندە، يەر ئىگىسىنىڭ ئالتۇنغا نان تېگىشمەكچى بولغانلىقىنى، دېھقاننىڭ ئۇنىمىغانلىقىنى، ئاخىردا يەر ئىگىسىنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلگەنلىكىنى، دېھقاننىڭ بەرداشلىق بېرەلىگەنلىكىنى، ئاخىردا ئۇنىڭ ھېلىقى ئالتۇننىمۇ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى دەپ بەرگەنىدىم.

ئاشلىقنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكى كۆپتىن - كۆپ ھېكايىلاردا تەكرار ئىپادىلەنگەن باش تېما. مەن ئىزچىل يوسۇندا ئاشلىقنى ئىنتايىن خاسىيەتلىك نەرسە دەپ قارايمەن. جىق بولۇپ كەتكەندە قويىدىغان يەر تاپالمايسەن، يوق چاغدا سەنمۇ چېكەتكىگە ئوخشاش بىر دەمدىلا پاك - پاكىز غايىپ بولۇسەن. خەلق گۇڭشېسى مەزگىلىدە، ئەتىدىن كەچكىچە ئېتىزدا ئەمگەك قىلساقمۇ، يەردىن ئاشلىق چىقمايتتى. شۇڭا مەن كۆنلەرنىڭ بىرىدە يېگىلى ئاش بولمىسا، جەمئىيەتنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشىدىن غەم قىلىمەن. ھازىرقى دېھقانلار 60 يىللاردىكى دېھقانلاردىن ئەمەس، ئۇ چاغدا گۇڭچەنداڭنىڭ ئىناۋىتى غايەت زور ئىدى. دېھقانلار يەيدىغان ئاشلىقنىڭ بولمىغانلىقى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تەبىئىي ئاپەتنىڭ كاساپىتىدىن بولدى دېگەنگە ئىشىنەتتى. ئەمدىكى دېھقانلار ئۇنداق نادان ئەمەس، ناۋادا ئاشلىق بولماي قالسا، ھەممە ئىش بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

80 - يىللاردا بىر جىڭ بۇغداي بەش مو ئىدى. ئەمدىلىكتە بۇغداي توققۇز موغا چىقتى (بىر يۈەندىن ئارتۇق بولۇشى كېرەك ـــ تەھرىر). نەچچە ئون يىلدىن بۇيان مائاش يۈز ھەسسە كۆپەيدى (بەزى جايلاردا ئون نەچچە ھەسسە ياكى نەچچە ئون ھەسسە - تەھرىر). باشقا مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىمۇ نەچچە ئون ھەسسە، نەچچە يۈز ھەسسە ئۆرلىدى. لېكىن ئاشلىق باھاسىنىڭ پەقەت نەچچە ھەسسە ياكى ئون نەچچە ھەسسىلا ئۆرلىگەنلىكى قايچىسىمان پەرقنىڭ يوقلىۋاتقانلىقىنى ئەمەس، بەلكى كېڭىيىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ مەسىلە بىرەر يازغۇچىنىڭ باش قاتۇرىدىغان ئىشى ئەمەس.

لېكىن ئۇنى ئەدەبىيات شەكلى بىلەن ئىپادىلەپ بەرسە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەش شەكلى ئاشلىقنىڭ باھاسىنى بىۋاستە يېزىش ئەمەس، يەنىلا ئادەملەرنى يېزىش كېرەك.

### يازغۇچىلار جەمئىيەتتىكى بەزى سەزگۈر، ئۆتكۈر، مۇرەككەپ مەسىلىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىقى لازىم

«پاقا» غا كەلسەك، بۇ رومان ئىنتايىن بىر نازۇك مەسىلە بىلەن، يەنى پىلانلىق تۇغۇت مەسىلىسى بىلەن چېتىشلىق رومان، ئۇ جۇڭگوغا ئوتتۇز يىل تەسىر كۆرسەتكەن غايەت زور مەسىلە ئىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1980 ـ يىلىنىڭ بېشىدا بارلىق پارتىيە ئەزالىرىغا ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرىغا بىر پارچە ئوچۇق خەت يېزىپ، ئۇلارنى يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇش سىياسىتىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىشقا چاقىرغان، ھەمدە ئەگەر بۇ سىياسەت 30 يىل داۋاملاشسا، جۇڭگونىڭ نوپۇس مەسىلىسى ھەل بولىدۇ دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. بۇنىڭغا دەل 30 يىل بولغان مۇشۇ يىلدا، كۆپتىن كۆپ جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ، نوپۇسشۇناسلارنىڭ توردىكى بەس ـ مۇنازىرىسىنى كۆردۈم، قارىماققا پارتلاپ كېتىدىغان ئەھۋال باردەك ئىدى. بۇ يىل يەنە قايسىدۇر بىر سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسورنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئىككى پەرزەنتلىك بولغانلىقى، ئىجتىمائىي بېقىش پۇلى تاپشۇرۇشقا ئۇنىمىغانلىقى، نەتىجىدە خىزمەتتىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. تورغا قارىسام ئۇنى قوللايدىغانلار خېلى جىقتەك قىلدى.

«پاقا» نىڭ دېمەكچى بولغىنى دەل مۇشۇ مەسىلە ئىدى. غەربلىكلەر كۆپ يىللار مابەينىدە پىلانلىق تۇغۇتنى ئىزچىل رەۋىشتە جۇڭگونى تەنقىد قىلىدىغان مۇھىم دەستەك قىلدى. ئۇلار جۇڭگونى ئىنسانپەرۋەر ئەمەس، ئاياللارنى ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە مەجبۇرلىدى، ئادەمنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىغا دەخلى تەرۇز قىلدى دېدى. دەرۋەقە، مەن بۇ روماندا ئادەملەرنى يازدىم، مەلۇم بىر يېزىدىكى ئاياللار بۆلۈمىنىڭ دوختۇرىنى يازدىم. رومانىدىكى «ھامما« مۇ ئەسلىدە بار بىرەيلەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ھاممام ئاياللار بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى ئىدى ـ ئۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن باشلاپ مۇشۇ خىزمەتنى ئىشلىگەن، مول تەجرىبىگە ئىگە ئايال ئىدى. 2000 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ، ناھايىتى كۆپ ئايال ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغان، ئۇ ھامىلدار بولماسلىق كېسەلنى داۋالاپ يۈرگەن، بالىلارنى داۋالاش جەھەتتىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بارغان يەردە ئىدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ قولىدا تۇغۇلغان بالىلارنىڭ

ئۇن مىڭدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگەنىدى. بۇ يەردىكى سەۋەب، يېزىلاردا دوختۇرلار ئاز ئىدى، مەھەللە كويىدىكىلەر ئۇنى تۇغۇت ئانىسى بولۇشقا تەكلىپ قىلاتتى. ئۇمۇ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان نۇرغۇن ئاياللارنى تۇغدۇرغان، ئۇنىڭ قولىدا نابۇت بولغان باللارمۇ نەچچە مىڭغا يەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئازابلانغانلىقىنى، دەككە ـ دۈككىدە بولغانلىقىنى دەپ بەرمىگەنىدى. لېكىن مەن رومان يازىدىغان بولغاندىكىن، مەسىلىنى ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ ئويلىشىم لازىم ئىدى. ناۋادا مەن ئۆزۈممۇ ئاياللار بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى بولغان بولسام، ئون مىڭ بوۋاقنى ئۆز قولۇم بىلەن ئەي قىلغان، شۇنداقلا نەچچە مىڭ بوۋاقنى ئۆز قولۇم بىلەن نابۇت قىلغان بولسام، بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان چاغدىكى ھېسسىياتىم ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن دېگەندەك بولاتتى. بىر بوۋاقنى ئىنسانلار دۇنياسىغا كۆز ئاچقۇزسام، ئۇنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىسام، ئانىنىڭ يۈزىدىكى كۈلكىنى كۆرسەم، گۈلقەقەلىرىم ئېچىلىپ كەتكەن بولاتتى. مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىم مۇقەددەس، سەلتەنەتلىك خىزمەت ھېسابلىناتتى. ئەگەر مەن زار ـ زار يىغلاۋاتقان ھامىلدار ئايالنى ئوپېراتسىيە ئۈستىلىگە ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىنى ئېلىۋەتسەم، بۇ چاغدىكى ھېسسىياتىم تۇغۇت ئانىسى بولغان چاغدىكى ھېسسىياتىم بىلەن ئەلۋەتتە ئوخشاش بولمايتتى. ھاممامنىڭ ياشانغان چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ ئۆتكەن ئۆمرىنى ئويلاپ باققان ـ باقمىغانلىقى، ئۆزىنىڭ ھاياتىغا باھا بېرىپ باققانلىقىغا كەلسەك، ئۇنىڭ بىر تالاي زىددىيەتلىك خىيالدا بولىدىغانلىقى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. شۇڭا مەن ھاممامنىڭ تۇرمۇشتىكى ئەينەن ھالىتىنى رومانىدىكى پېرسوناژغا ئۆزگەرتىپ، مۇشۇنداق بىر ئەسەرنى يازغان بولدۇم، مۇنداق بىر ئەسەردە پىلانلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت مۇنداق مەسىلىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، سەھنە ئەسەرلىرىنى يازىدىغان چاغدا، بېشىدىن باشلاپلا كەسكىن رومانىنىڭ توقۇنۇشنى ئورۇنلاشتۇرىمىز. پېرسوناژلارنى ئۆتكۈر زىددىيەتنىڭ قايىنىمىغا تاشلىغاندىلا، ئالتۇننى ئوتقا كۆيدۈرۈپ تاۋلىغاندىلا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، كەسكىن زىددىيەت ئىچىدىلا پېرسوناژنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى تەلتۆكۈس ئاشكارا بولغان، زىددىيەت قانچىكى كەسكىن بولغان يەردە، پېرسوناژدىكى خاسلىق شۇنچە تولۇق ئىپادىلەنگەن بولاتتى. ئەگەر يېزىلاردىكى ئاياللار بۆلۈمىنىڭ دوختۇرىنىڭ خاسلىقىنى يېزىشقا، ئۇنى تىپ قىلىپ يارىتىشقا توغرا كەلسە، پىلانلىق تۇغۇت دەيدىغان بۇ ئەمەلىيەتنى

ئەگەر ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايتتى، ئۇنى جان ـ جەھلىمىز بىلەن يېزىش كېرەك ئىدى. مەن جۇڭگو بىلەن غەربتىكى مېدىيا ۋاستىلىرى تىلغا ئالغان ئاتالمىش مەسىلىلەرگە مۇشۇنداق يول بىلەن جاۋاب بەرمەكچى بولدۇم. مۇشۇنداق بىر سەزگۈر مەسىلىنى يېزىشقا قانداق پېتىندىڭ دېگەن سوئالغا، مەن تىگىش قىلمىدىم، پېرسوناژلارنىڭ ئۆزى تىگىش قىلدى دەپ جاۋاب بەردى. مۇشۇنداق بىر ئادەمنى يازغانىكەنمەن، چوقۇم ئۇنىڭ ھەممە نېمىسىنى يېزىشىم كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھەرگىزمۇ باشقىلار كۆرسە سەت تۇرىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى جۇڭگونىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە تۇتىدىغان پوزىتسىيە ئوخشاش بولمىغاچقا، چىقىرىلىدىغان خۇلاسىمۇ ئوخشاش بولمايتتى. يېزا كەنتتىكى بىر ئايالنىڭ نەزىرى بىلەن قارىساق، بىر خىل خۇلاسە؛ پىلانلىق تۇغۇتقا مەسئۇل ئەمەلدارنىڭ نەزىرى بىلەن قارىساق يەنە بىر خىل خۇلاسە چىقاتتى. شەھەرلىكلەرنىڭ نەزىرى بىلەن قارىساق بىر خىل خۇلاسە، سەھرالىقلارنىڭ نەزىرى بىلەن قارىساق يەنە بىر خىل خۇلاسە چىققاتتى. كىملىك ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوخشاش بىر مەسىلە ھەققىدىكى پەرەز بىلەن خۇلاسىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا مەن جۇڭگودىكى پىلانلىق تۇغۇت جۇڭگودىكى مىڭلىغان، مىليونلىغان ئائىلىگە تەسىر كۆرسەتتى، داۋاملاشقىنىغا 30 يىل بولغان، شۇنداقلا ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقان بۇ سىياسەتنىڭ تارىختا ۋە بۈگۈنگە قانداق تەسىر پەيدا قىلغانلىقى، جۇڭگونىڭ كەلگۈسىگە يەنە قانداق تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ھازىر دەل بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ دەپ ئويلىدىم. دېمىسىمۇ، سىياسەت داۋاملىشىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن بارلىققا كەلگەن تەسىر ۋە ئاقىۋەت ئۆزىنى كۆرسىتىشنى باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى تەلتۆكۈس كۆرسىتىپ بولۇشتىن يىراق، ئېھتىمال يەنە 30 يىل ياكى 20 يىلدىن كېيىن، بۇ سىياسەتنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا شۇ چاغدا قاراپ باقساق، تېخىمۇ دەل خۇلاسە چىقىرالايدىغان بولىمىز.

يازغۇچى دېگەن جەمئىيەتتىكى سەزگۈر، ئۆتكۈر، مۇرەككەپ مەسىلىدىن ئۆزىنى تارتماسلىقى، ئۇنىڭ بىلەن روبىرو بولۇشى لازىم. لېكىن بىز بۇ مەسىلىلەرنى ھېكايە قىلىپ يازغاندا پېرسوناژلارنى مەسىلە دۆۋىسى ئىچىگە غەرق قىلىۋەتمەسلىك لازىملىقىنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك. مەسىلە ئادەمگە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. پېرسوناژلار شۇ مەسىلىنىڭ سۈيىدە ئۈزىدۇ. دەريانى يېزىپ، ئۇنىڭدا ئۈزىدىغان ئادەمنى

ئۈنتۈپ قالساق بولمايدۇ. بىز سۇغا ئەمەس، دەريادا غۇلاچلاپ ئۈزۈۋاتقان ئادەمگە كۆزىمىزنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشىمىز لازىم. شۇنى ئەلۋەتتە يازىمىز، لېكىن بۇ سۇ ئۈزۈۋدىغان ئادەم بولمىسا، توختام سۇ بولۇپ قالىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، نوقۇل سۇنىلا يازساق، مەناسىز بىر نەرسە بولۇپ چىقىدۇ. ئىشنى يازامدۇق، مەسلىنى يازامدۇق، بولىۋېرىدۇ، كارايىتى چاغلىق، مۇھىمى مۇشۇ ئىش ئىچىدە بىر ئادەمنىڭ تۆت پۈتنى ئۆرە قىلىش كېرەك. ئىشنى يېزىشتىن تۈپ مەقسەت، شۇ ئىشنى پېرسوناژغا خىزمەت قىلدۇرۇشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

مېنىڭچە، مۇشۇنداق تونۇشقا كەلگەندىن كېيىن، ھەرقانداق سەزگۈر مەسلىنىڭ ھەممىسگە بىر نەرسە دەپ باقساق بولىدۇ. ئاچقۇچلۇق مەسلە شۇكى، ئۇنى يېزىۋېلىش ئۈچۈن يازماي، بەلكى پېرسوناژ يارىتىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل تەرىقىسدە تۇتۇپ يېزىش كېرەك، بۇمۇ ھېكايە بىلەن ئەدەبىي ئاخباراتتىن ئىبارەت ئىككى ژانىرنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى. ئەدەبىي ئاخبارات مەسلىنىڭ ئۆزىگە ئېتىبار بېرىدۇ، ھېكايە ئاپتورىنىڭ مەسلە بىلەنلا بولۇپ كېتىشى ناتايىن.

قىلىدىغان گەپ يەنە بار ئىدى، لېكىن ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن بولدى قىلاي. مەن ئازادلىق ئارمىيە سەنئەت ئىنستىتۇتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى يولۇمنى بىر قۇر دېگەن بولدۇم. بۇ يولنى مۇدۇرۇپ - يىقىلىپ تەستە ماڭدىم، تېخىمۇ ياخشى ماڭغان بولسام، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى يازغان بولسام ئوبدان بولاتتى، خىجىللىق ھېس قىلىمەن. ياخشى يازالمىدىم. ھەر بىرىڭلارنىڭ ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىشىڭلارغا تىلەكداشمەن.

بۇ ماقالە خەنزۇچە «غەربىي ديار» ژۇرنىلىنىڭ 2012 - يىللىق 10 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى

# شېئىر ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆزلىشىمگە رۇخسەت قىلىڭلار

زاھىر بۇرھان

(2005 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئۇرۇمچى)

مەن ئۆلۈم تۇيغۇسىنىڭ، روھ پەسلىدە، قانداق بىر ھالەتتە نامايان بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن كۈنى، شېئىرغا مۇراجىئەت قىلىشنىڭ ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

زامان مېنى بىگانە ھېس قىلدۇرغان چېغىدىلا، شائىر بولۇشنىڭ بىر دىن ـ بىر چىقىش يولى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

ھاياتقا كۈلۈپ قارىيالمىغانلارنىڭ مەڭگۈ شائىر بولالمايدىغانلىقىنى سىلەر بىلدىڭلارمۇ؟ بۇنچىلىك ساۋاتنى بىلىدىغانلىقىڭلاردىن گۇمانلانمايمەن. مېنىڭ گۇمانىم شۇكى، سىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە كەڭ بوشلۇق ئىچىدە، ئۆز روھىڭلارنى مەلۇم بىر چەمبەرگە بەند قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسۈتىۋاتقىنىڭلاردۇر.

بىراۋنىڭ ئىزىغا چۈشۈش ئۆزگە قىلىنغان ئاسىيلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، تەقلىدچىلىك، ئۆزىنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى ئاللىقاچان يارىتىپ بولدى. ئۆزگە سادىق بولۇش يۈكسەكلىككە تاشلانغان بىر قەدەم بولۇشتىن سىرت ئۇ يەنە ئىنسانىيلىقنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئۆلچىمىدۇر. ئىنسان مەنىۋىيىتى، كائىناتنىڭ جەۋھىرى. سىرلارنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ تۈگىنى. شېئىرنىڭ بايانى دەل مۇشۇ تۈگۈننى يېشىش ئۈچۈن زورۇقۇپ بېقىشتىن ئىبارەتتۇر.

باشقا ئادەمگە ئوخشاپ بېقىش بەكمۇ ئاددىي بىر جەريان. ئۆزگە ئوخشاپ بېقىش بولسا بەدەل تۆلەش جەريانىدۇر. كۆز ئالدىمىزدىكى ھەممە نەرسىدە شېئىر بار. ئەمما بىز ئۇ يەردە سايىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىمىز. كۆپىنچە ھاللاردا ئەجەللىك ئاجىزلىق بىزنى ھەۋەس

قىلغۇچىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بىزنىڭ بۈخىلدىكى پىسخىكا جاراھىتىمىز، روھىي گادايلىقىمىزدىن سىرت، بىلىم قۇرۇلمىمىزنىڭ چولتىلىقى، دۇنيا قارىشىمىزنىڭ تېيىزلىقى، ئىچكى تىندۇرمىلىرىمىزنىڭ نېپىزلىكى، گۇمران بولغان ئەخلاقى ساپايىمىزنىڭ غالتەككە چىققانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

ئۇيغۇرنىڭ تېنىدە، ئەجدادلاردىن قالغان ئۇدۇم گېنىنىڭ راۋاجى بار. ئۇيغۇرنىڭ ئېڭىدا بولسا، ئەجدادىدىن قالغان مىراس شەكلىدىكى زاپاس تەپەككۇر ئامبىرى بار. ئەدەبىياتنىڭ مەقسىتى ئەنە شۇ زاپاسلانغان روھ ئامبىرىغا يەنە زاپاسلانغان قوشۇمچىلارنى قالدۇرۇشتۇر.

ئۆز قوۋمىنىڭ روھىيىتىگە يېقىنلاشمىغان ھەرقانداق ئەدەبىيات تەقلىدچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. باشقىلارنىڭ يەنى باشقا قوۋملارنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسى بويىچە ئۆز قوۋمىگە سۆزلەش ماڭقۇرۇتلۇقتۇر خالاس.

بىزنىڭ كىشىلىرىمىز ئەدەبىياتتىن مۆھەببەت بىلەن سىياسىينى ئىزلەپ كەلدى. بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزمۇ مەيلى قانداق شەكىلدىكى يازمىلىرىدا بولسۇن، ئۆز ئەسەرلىرىگە مۇشۇ نۇقتىنى سىڭدۇرۇپ بېقىشقا ئۇرۇندى. (ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا) ئەدەبىيات دەپ ئاتالغان بۇ ژانىرنىڭ بىزدىكى تۈيۈق يولى مەنىۋىيىتىمىزنىڭ تېخىمۇ زەئىپلىشىپ كېتىشىنى تېزلەتتى.....

ئۆز قەلبىگە سادىق بولۇشنىڭ نىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنلەردىن كىملەر باركىن؟

"شەكىل" ياراتقۇچىلار "تەبىر" ئىزلەش بىلەن ئاۋارە بولىۋاتقان، "چۈشەنچىدىن ھالقىغان شېئىر ماھىيەتكە يېقىنلاشتۇرۇلغان"."xxxx" دېيىلىۋاتقان شوئارلار ئىچىدىن مەن بىر نەرسىنى يەنى خارلىنىۋاتقان "شېئىرنى" كۆردۈم.

"بىز ئىنسانىيەتكە يېقىنلىشىۋاتىمىز" "بىز ئۆنىڭدىن ھالقىغۇچىلارمىز" بىز يېڭى بىر نەرسىنى جىجىلىغۇچىلارمىز" " بىز......." دېگۈچىلەرنىڭ نىمە دېمەكچى بولغىنىنى ساۋىدى بار ھەرقانداق بىر ئادەم چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ئۆز قاراشلىرىنى

ھەرقانداق بىر شەكىلدە بايان قىلىش ھوقۇقى بولىسمۇ.

بۇ يەردە بىز بىر نەرسىنى دېيىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلماقتىمىز : سىلەر يەنى شەكىل ئىزدىگۈچىلەر، قايسى بىر (دانانىڭ) «سىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىڭ ماڭا ئايان ئەمما سەن ئۇنى قانداق دېمەكچى مەن دەل شۇنىڭغا قىزىقىمەن» دېگەن سۆزىنىڭ قۇربانغا ئايلىنىپ كەتكىنىنى چۈشىنىپ يەتتىڭلارمىكىن؟ يۇقىرىقى سۆزنى قىلغان ھېلىقى دانانىڭ ئۇشبۇ سۆزىدە بىر "ئويۇن" بارلىقىنى ھېس قىلالىدىڭلارمىكىن؟ بىلگەن بولساڭلار ئىدى، شۇ "ئويۇنىنىڭ" ئارقىسىغا ئۆزگە قىلىنغان ئاسىيلىق يوشۇرۇنغاندۇر. شۇ سۆزنىڭ ئارقىسىغا ئىنسانىيەتكە بولغان ھۆرمەتسىزلىك يوشۇرۇنغاندۇر.

بىز، بىزنى ياراتقۇچىنىڭ قولىدىكى قەلەمدۇرمىز. ئۆزىمىزنىڭ بىر "ۋاستە" ئىكەنلىكىمىزنى بىلگىنىمىزدە "شەكىل" يارىتىش دەۋاسىنى قىلىپ يۈرۈشىمىزنىڭ يەنە نېمە زۆرۈرىيىتى؟ " كىمنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى يەنە كىمدۇر بىرىنىڭ ئالدىن بىلىپ يېتىشى" ھەم ئۇلارغا "شەكىل" يارىتىش ھەققىدە چاقىرىق قىلىشى، كىشىنىڭ كۈلكىسىنى قىستىغۇدەك دەرىجىدىكى بىمەنىلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىز ئاللىقاچان يارىتىپ بولۇنغان "شەكىل" ئىچىدە "ۋاستىلىق" رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، شەكىلگە رەڭ بېرىۋاتقان بىر "قىممىرلىغۇچى" خالاس.

ھەممە نەرسىگە "قېلىپ ياساش" چۈشىنى كۆرۈۋاتقانلار، ئېسىڭلاردا بولسۇن ! سىلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ گۈزەل ئارزۇسى بولغان ئەدەبىياتنى ۋاستە قىپ تۇرۇپ، ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزلىكىگە ھاقارەت قىلىۋاتىسىلەر. ئىنساننىڭ خاسلىقىنى يوققا چىقىرىپ، روھىنى ئولتۇرۇش بىلەن بىرگە «بېشىنى» كېسىپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىسىلەر.........

قەدىرلىك كۆپچىلىك، بۇ يەردە ئۇقۇم خاتالىقى يۈز بېرىپ قالمىسۇن. ئۇقۇم خاتالىقى بېرىۋاتقان بەزى جۈملىلەرگە تەبىر :

بىزنىڭ ياراتقۇچىنىڭ قولىدىكى قەلەم بولغىنىمىز تۈيغۇدىن ئايرىلغان شەكىل بولغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكى تۈيغۇغا تېخىمۇ چىلانغانلىقىمىزدىن يەنى

چىلىنىۋاتقانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. خۇددى قەلەم سىياھقا سىياھ قەلەمگە چىلانغاندەك.....

شەكىل "شاكال" دېمەكتۇر. مېغىزىدىن ئايرىلغان "شاكال" يەنى شەكىل شېئىرىيەتتە "يېڭىلىقنىڭ" سۆپىتى بولسا ئۇ چاغدا بىز ئەدەبىيات ئىزدەۋاتقان بارلىق ئىزدىنىشتىن مەھرۇم قالغان بولىمىز.

شەكىل بىز ئىزدىمەكچى بولغان مەنزىلنىڭ يولىدۇر. ماھىيەتكە يوشۇرۇنغان سىر بولسا بىزنىڭ مەنزىلىمىزدۇر. مەنزىلسىز يولنىڭ ھېچبىر مەنىسى بولمىغىنىدەك مەنىسىزلىك قوغلىشىش يولىدا يارىتىلغان شەكىلمۇ يوقلۇق تامان سىڭىشىپ كەتكەن يەنە بىر يوقلۇقتۇر.

ئەدەبىياتتا " زامانىۋىلىق" ئىبارىسىنى ئىشلىتىش ئەدەبىياتنىڭ رولىنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر. ئەدەبىيات زامانىۋىلىق دېگەن بۇ جۈملىنى رەت قىلىدۇ. ئەدەبىياتتا "زامان ھەم ماكان" " ئۆتمۈش" بۈگۈن" " تەرەققىيات" "يېڭىلىق" "يۈزلىنىش" "يېڭىچە تەپەككۇر....." دېگەندەك نەرسىلەر بولماسلىقى كېرەك. ئەدەبىياتنىڭ جەريانى، ئىنسان بىلەن يەنە بىر مەۋھۇملۇقنىڭ باغلىنىشىنى، ئېنىقلىققا ئىگە قىلىشى، قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ چىقىشى، يوق بولسا بار قىلىشى، بار بولسا بارلىقىنى جاكارلاش جەريانىدۇر.

بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىز، بىزنى ياراتقۇچىنى تېپىش جەريانىدۇر. بۇندىن ئۆزگە بىز يەنە نېمىنى قىلالايمىز؟ نېمە قىلالىدۇق؟ نېمە قىلىش ئۈچۈن بۇنچە زورىقىمىز؟ مەسىلە بەكمۇ ئاددىي، ئۇ بولسىمۇ بىزگە بېرىلگەن ھوقۇقنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكى. بىز ھوقۇق چەمبىرىكىمىز سىزغان ئەشۇ تار دائىرە ئىچىدە "ئىزدىنىش" تىن ئىبارەت بىرلا رۇخسەتكە ئىگە.....

ۋاستىنى شەكىل دەپ چۈشىنىۋېلىش بۇ جۈملىنىڭ مەنىسىگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىكتۇر. ۋاستە بىرسى تەرىپىدىن يەنە بىر تەرەپكە قىلىنغان " ئىشنى" كۆرسىتىدۇ " ئىش" مەلۇم مەنىدىكى شەكىل بولسىمۇ ئەشۇ شەكىلگە كۈچ بېرىۋاتقان يەنە بىر نەرسىنىڭ

يەنى تۇيغۇنىڭ رولىغا ۋە ئۇنىڭ شەكلىدىن نەچچە ھەسسە ئۇستىن تۇرىدىغان ئىنىرگىيىسىگە كۆز يۇماسلىق كېرەك.

بىز بۇ مەسىلىنى مۇشۇنداق ئوتتۇرىغا تاشلىغىنىمىزدا، بەزىلەر بىزدىن: "سىز دەۋاتقان ئۇ تۇيغۇ نەدىن كەلدى؟ ئەسلىدە سىز بىر ۋاستە ئەمەسمىزغۇ؟" دەپ سورىماي قويمايدۇ. ۋاستىغا ئايلانغان بىز، پۈتۈنلەيكە ئىگە ئەمەسمىز. بىزنىڭ يېرىممىز ھەم ئۆزىمىز ئۈچۈن بىر ۋاستە. چۈنكى بىز " ئىزدىنىش ھەم ئىزدەش ھوقۇقى بېرىلگەن بىر جانلىق" بولۇش سۈپىتىدە ئۆزىمىزگە قالدۇرۇلغان ئىزدىنىش ئىنىرگىيىسىنى ۋاستە دەپ چۈشەنگەندىن سىرت ئۆزىمىزنى ھەم يەنە، يارىتقۇچىمىزنىڭ ۋاستىسى دەپ ئېتىراپ قىلغانمىز.

بەزىلەر مېنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىمدىن مۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا ئالدىراپ كېتىشى مۇمكىن «ھەقىقەت ئەسلىدە شەكىلدىن ئىبارەت ئەمەسمۇ ؟ »

ياق ياق بۇ مەسىلىگە يەنى ھەقىقەتكە، شەكىل قالپىقىنى كەيدۈرۈپ قويۇشى، شەكىلگە قىلىنغان ئارتۇقچە ئىلتىپاتتۇر. ھەقىقەت دېگەن بۇ جۈملە كۆرسىتىۋاتقان مەزمۇن، شەكىل چەمبىرىكىنىڭ، تولىمۇ سىرتىدىكى، يەنە بىر نۇقتىدۇر.

بۇ يەردە، بىزنىڭ يورۇتۇپ بېرىشىمىزنى تەقەززا قىلىۋاتقان نۇقتا، ھەقىقەت ئەمەس بەلكى شېئىر ۋە ئەدەبىيات. شېئىر، ھەقىقەت ئۇقۇمىنىڭ سىرتىدىكى نەرسە. بىز چۈشەنگەن ھەقىقەت، كونكرېتلاشقان ئۇقۇم، ئەمما شېئىر كۆنكىرىتسىز تۇيغۇ ياكى ۋەھدەت. ئۇ بىزنىڭ مەجھۇلىمىز يەنى ئىچكى ئىنىرگىيەرىمىزنىڭ ئىشارەتكە ئايلىنىش جەريانى.

بەزىلەر مەندىن «بار نەرسىنى ئىزدەش جەريانى سىز شېئىرى چۈشەنچىلەردە ئىنكار قىلىۋاتقان شەكىلنىڭ دەل ئۆزى ئەمەسمۇ » دەپ سورىشى مۇمكىن.

بار نەرسىنى ئىزدەش جەريانى يەنى "جەريان" شەكىل بولسا شەكىل بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلانغىنى نىمە؟ ياكى شەكىل دەۋاسىنى قىلغانلارنىڭ چۈشەنچىسىدە بۇنداق بىر گەۋدىلىنىشى مۇمكىنلىككە ئىگە ئەمەسمۇ؟ شەكىل قوغلاشقۇچىلار كۆچەپ چۈشەندۈرۈۋاتقان شەكىلنى مۇزېكىنىڭ نوتىسىغا تەتبىقلىساق ئۇ چاغدا نوتا ئىپادىلەۋاتقان كۈي نەگە كەتتى؟

گارمونىيەچۇ؟ چالغۇچىلارنىڭ بارماقلىرىدىن تېمىۋاتقان ئىندۇكسىيىلىك ھېسسىيەتچۇ؟ ئۇلار ئۆزىنى شەكىل ياراتقۇچىمەن ياكى شەكىل يارىتىشقا چاقىرىق قىلغۇچىمەن ۋە ياكى شەكىل يارىتىشنى ياقىلغۇچىمەن دەپ قارىسا ئۇلارنىڭ ياراتقان شەكىل قۇرۇلمىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، ئەزەلدىن بار بولغان كونا نەرسىغۇ ؟ مۇبادا ئۇلار "سەن مىسرالار قۇرلىرىنىڭ دەستىلىنىشىنى شەكىل دەپ چۈشىنىۋاپسەن" ياكى " بىزنىڭ سۆز ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇبىمىزدا بىز ياراتقان شەكىل بار سەن بۇنى ھېس قىلالماپسەن"دىسە مەن بۇ مەسىلىدە ئۇلارنىڭ ئىزاھات بېرىشىنى كۈتىمەن.

ئۇلار دەۋاتقان "شەكىل" ئۇيغۇر تىلىدىكى " شەكىل" دېگەن جۈملە ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇمدىن باشقىچىرەك نەرسە بولسا كېرەك. ئەگەر ئۇلارنىڭ دېمەكچى بولغىنى بىلەن مەن چۈشەنگەن " شەكىل" ئۇقۇمى جەھەتتە ھېچقانداق پەرق بولمىسا مېنىڭچە ئۇلار بۇ ئىزدىنىشلىرىدە مەغلۇپ بولغان بولىدۇ.

نېمە ئۈچۈن؟ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى "شەكىل" ئىنقىلابى مەغلۇپ بولغىلىمۇ خېلى زامانلار بولدى. مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى شۇكى "شەكىلچىلەر" ئەدەبىياتنىڭ گەۋدىسىنى يوغىنىتىپ ئۇنىڭ ئىچىنى قۇرۇقداپ قويىدى.

مەنبە: http://bbs.xjzjxh.com

## تۇرپان قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرۇشنىڭ ئۆتمۈشى

**سۇڭ شىلىيەن(شىنجاڭ ھەربىي رايونى گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى)**

**ھەر قانداق بىر ئىش ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولمايدۇ، قاچانلا بولمىسۇن ئۇنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئىچكى مۇناسىۋىتى بولىدۇ. تۇرپان ۋەقەسىمۇ دەل شۇنداق. مەن 1947 ـ يىلى ئۇرۇمچىدىكى «25 ـ فېۋرال ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى» دېگەن ماقالىدە، ئەخمەتجان باشچىلىغىدىكى ئىلى ئىنقىلاپچىلىرى بىلەن جاڭ جىجۇڭ باشچىلىغىدىكى**

گومىنداڭچىلارنىڭ شىنجاڭدىكى كەسكىن كۈرەش ئەھۋالى توغرۇلۇق تەپسىلىي توختالدىم. يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەمدىلا قۇرۇلغان مەزگىلدە ئەخمەتجان جاڭ جىجۇڭنىڭ ئىلاج قىلىپ تېنچلىقنى ئارزۇ قىلىش كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، ھە دېگەندىلا ئىلى تەرەپتىن ئابدۇراخمان مۇھىتىنى تۇرپاننىڭ ھاكىملىقىغا كۆرسەتتى، ئۇ چاغدا مەن بۇ قارارغا رازىلىق بىلدۈرمىدىم، ليۇمېڭچۇنگە (غەربىي شىمال مەمۇرى مەھكىمە باش كاتىپى ۋە قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باش كاتىپى ) :«تۇرپان بولسا قۇمۇل ھەم ئىچكىرىگە قاتنايدىغان يولنىڭ ئېغىزى، شۇنىڭدەك دۆلەت ئارمىيىسىنى تەمىنلەيدىغان بازار، نىمشقا بۇنداق مۇھىم ناھىيىگە ئىلى تەرەپنىڭ ئادىمىنى ھاكىم قىلىپ قۇيىمىز؟» دىدىم. لىيۇمېڭچۇن :« مىنىڭچىمۇ مۇۋاپىق بولمىدى. بىراق جۇرىن (جاڭ جىجۇڭنى دېمەكچى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەمدىلا قۇرۇلدى، ئەخمەتجان فۇشۇجىنىڭ بىرىنجى نۆۋەت ھاكىم كۆرستىشى بولغاچقا، رەت قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قاراپ، تەستىقلاندى» دىدى. « بۇنداق بولغاندا ھازىردىن ئېتىبارەن تۇرپاندا ۋەقە تولا بۇلىدۇ ـ دە» دىدىم مەن .

ئابدىراخمان مۇھىتى تۇرپانغا ھاكىم بولغاندىن كىيىن ،ئاستانىنى مەركەز قىلغان ھالدا، ناھايتى ئاكتىپ ھالدا تەشكىلي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، قورالىلىق قوزغىلاڭنى پىلانلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇرپان ئۇيغۇر خەلقى جىقراق جايلاشقان جاي بولغاچقا، ئىلى تەرەپ ئۇلارنى قوزغۇلۇپ گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا تەشۋىق قىلدى ھەم قۇتراتتى. مانا بۇ ـ تۇرپاندا قورالىلىق قوزغىلاڭ پەيدا بۇلۇشتىكى سەۋەپ. لىكىن بۇ قېتىمقى ۋەقە 1947 ـ يىلىنىڭ 7 ـ ئايلىرىدا پەيدا بولدى، ئۇ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بۇلۇپ، ئىلى تەرەپنىڭ ئالدىن پىلانلىشى بىلەن بولغان ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ توپلىغان كۈچى يىتىشسىزلىك قىلاتتى، تەييارلىقىمۇ تۇلۇق ئەمەس، ئامىمنى ھەرىكەتلەندۈرۈشمۇ دېگەندەك جايىدا ئەمەس ئىدى، نەتىجىدە بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئەمدى مەن ئالدى بىلەن ئىلى تەرەپنىڭ بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى بالدۇر قوزغاپ

قۇيۇشىدىكى قىسقىچە سەۋەپلىرىگە ئازىراق توختۇلۇپ ئۆتەي، 1947 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قۇجۇشى، ۋاڭ زېڭشەن نازىر(ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ)، مۇئاۋىن نازىر رەخمجان، ھەيئەت ئەزالاردىن ئەيسا، چۆي ۋۇ ۋە تەپتىش مەسئۇت، تاشقى ئىشلار ۋەكىلى لىيۇزېرۇڭلارنى باشلاپ ئۈرۈمچىدىن ئايرۇپىلان بىلەن ئاقسۇغا باردى. كىيىن قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى، قايتاشىدا كۇچا، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردىن ھال سورىدى، يەنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەش ۋىلايىتىنى 23 كۈندە ئايلىنىپ چىقتى، 5 ۋىلايەتنىڭ ئىچىدە قاراشەھەر ۋىلايىتىدە مۇڭغۇل، خۇيزۇ مىللىتى جىقراق بولغاندىن تاشقىلىرى، قالغان 4 ۋىلايەتتىكى ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى ئۇيغۇرلار ئىدى، بۇلۇپمۇ قەشقەر ۋىلايىتىدە ھەممىدىن جىقراق، ئۇمۇمەن 900 يۈزمىڭدىن ئارتۇقراق ئاھالە بۇلۇپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلىناتتى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى سىپىت ئەخمەت، يەرلىك چوڭ ئاخۇن ھەم چوڭ پومىشچىك ئىدى؛ خوتەن ۋالىسى خۇدىڭباڭ(نۇر بەگ)پومىشچىك، خەنزۇتىلىغا ماھىر، خەنزۇلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئىدى؛ يەركەن ۋىلايىتىنىڭ جۇفاڭگاڭ خەنزۇ، قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى زۇشۇبىڭ ھەم خەنزۇ ئىدى. مەزكۇر 4 ۋىلايەتنىڭ مەمۇرى مەسئۇللىرى جايلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملار بىلەن زىچ بىرلىشىۋالغان بۇلۇپ، ئىلى تەرەپتىن ھەرىكەتلىنىشكە ئەۋەتكەن ئادەملەر ئىش ئېلىپ بېرىشتا بەك قىيىلىناتتى، شۇڭا جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلار 4 ۋىلايەتنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدا، ھەممە ئىشلار تىپ ـ تېچلىق ئىدى، ئۇلار تەكلىپ قىلىپ سۆھبەتلەشكەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى، جاڭ جۇشىنى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسى پىروگىراممىسىنى ھېمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، شىكايەتمۇ قىلىشمىدى، نامايىش ھەم ئۆتكۈزمىدى، جاڭ جىجۇڭ ناھايتى رازى بولغان ئىدى. بىراق ئەخمەتجان ناھايتى نارازى بولدى، چۈنكى بۇ جايلاردا ئىلغار كۈچلەر تېخى شەكىللەنمىگەن، بىر قەدەر ئىلغار ئادەملەر ئۇلارغا يېقىن كەلمەيتتى. لىكىن قەشقەرنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭ ئەكسىچە بۇلۇپ چىقتى. 1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت

قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەستىن، جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجان ھەم بورھاننىڭ پىكرىگە قوشۇلغان ھالدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىدا، ئابدىكرىم مەخسۇمنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا بەلگىلەشنى ماقۇللىدى؛ بۇ ئادەم شۇ جايدىن چىققان مەشھۇر سوۋېت پەرەس ئادەم بولۇپ، ئىلى ئىنقىلابىغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلاردىن بىرى ئىدى، ئېلى تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنىڭ ھىمايىسى ئارقىسىدا ناھايىتى چاپسانلىق بىلەن راۋاج تېپىپ «شەرقىي تۈركىستان ياشلار ئىتتىپاقى»نى تەشكىل قىلىۋالدى ۋە باشقا پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. جاڭ جىجۇڭ تېخى قەشقەرگە يېتىپ بېرىشتىن ئاۋۋال، بىز قەشقەردە تۇرۇشلۇق 42 ـ كورپۇسنىڭ قوماندانى جاۋشىگۇڭنىڭ «ئۇيغۇر ياشلىرى دائىم تەشكىللىك نامايىش ئۆتكۈزۈپ، تۇرۇشلۇق قىسىملارغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيە قوللانماقتا، ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددى» دېگەن بىر قانچە تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدۇق. جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلار قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، كونا شەھەردىكى ۋالى مەھكىمىسىگە چۈشىدۇ (قەشقەر كونا شەھەر، يېڭى شەھەر دەپ ئاتىلىپ،ئىككى شەھەرنىڭ ئارىلىغى 9 كىلومېتىر كېلىدۇ. كونا شەھەر چوڭراق بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ تولىسى ئۇيغۇرلار، سودا ـ سېتىق مەركىزى ھېسابلىنىدۇ، مەمۇرى ئورگانلارنىڭ تولىسىمۇ شۇ جايدا. يېڭى شەھەردە ئاساسەن ھەربىي قىسىملار ۋە قىسمەن خەنزۇلار جايلاشقان) 2 ـ كۈنى ئېچىلغان ئاممىۋى قارشى ئېلىش يىغىنىدا، جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئەخمەتجان، مەسئۇتلار سۆزلىگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ياشلىرىدىن بىر نەچچىسى سۆزگە چىقىپ، خەنزۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆتمۈشتە شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئەيىبلىدى، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشىنى، يەرلىك قىسىمنىڭ قۇرۇلۇشىنى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئەكسىيەتچى ھېسابلانغان يەرلىك رەھبىرى زاتلارنىڭ جازالىنىشىنى ۋە باشقىلارنى تەلەپ قىلىدى، ئاما بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قىزغىن چاۋاك چالدى ھەم قوللىدى، جاڭ جىجۇڭ جاۋاپ بەرسۇن دەپ تەلەپ قويدى. جاڭ جىجۇڭ ئۇلارنى گەپكە كۆندۈرۈشكە تىرىشىپ باقتى، لېكىن تېلى قۇرۇپ كالپۇكلىرى تالغىچە سۆزلىسىمۇ، بىكار ئاۋارىچىلىق بولدى، ئاممىنىڭ كەيپىياتى بارغانسىرى ئۆرلەپ، جاڭ

جىجۇڭنى مۇشكۇل ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى ۋە ئۇنلۇك ۋارقىراشتى. بۇ ئىش 4 ـ 5 سائەت داۋام قىلدى، ھەل قىلىشنىڭ ئىلاجى بولمىغاچ، جاڭ جىجۇڭ مۇنبەرنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلار، خوتەندىن قەشقەرگە قايتىپ، يەنە ۋالى مەھكىمىسىگە چۈشكەن ئىدى، شۇ كۈنى كەچ سائەت 7دىن باشلاپلا 5 ـ 6مىڭدەك ئاممىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالدى، ئۇلار جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۆتكەن نۆۋەت ئوتتۇرغا قويغان بىر نەچچە ماددىغا جاۋاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، يەنە بىر قانچە يېڭى ماددىلارنى ئوتتۇرغا قويدى. جاڭ جىجۇڭ ئۇلارغا ئۇزۇن سۆزلىدى، ئاساسەن دۆلەتنىڭ بىر تۇتاشلىغى ۋە مىللى ئاڭ ـ ھېسسىياتنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ باقتى، لىكىن بۇ سۆزلەرنىڭ ئاممىغا نىسپەتەن قىلچىمۇ رولى بولمىدى، ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى كونكىرىت مەسىللەر ھەم كونكىرت جاۋاپ ئېلىش بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە زور مۇناسىۋەتلىك ئىشلارمۇ بار ئىدى، مەسلەن: دۆلەت ئارمىيىسى شىنجاڭدىن چىقىپ كەتسۇن، مىللى ئارمىيە قۇرۇلسۇن دەيدىغان مەسىللەر، جاڭ جىجۇڭمۇ ئاسانلىقچە جاۋاپ بېرەلمەيدىغان مەسىللەر ئىدى. تاكېچە سائەت بىردىن ئۆتكىچە تىركەشسىمۇ ئاما تارقىمىدى، بەلكى ئەھۋال بارغانسېرى ئەۋج ئالدى،جاڭ جىجۇڭ ئىلاجىسىز قالدى، ئەخمەتجان چىقىپ بۇ مۇھاسىرىنى بىر تەرەپ قىلىسا دەپ ئويلىدى، لىكىن ئەخمەتجان ئاللىقاچان ۋالى مەھكىمىسىدىن كېتىپ قالغان، نەگە كەتكەنلىگى نامەلۇم ئىدى، جاڭ جىجۇڭ شۇ ۋاقىتتىلا بۇ ئۈيۈننى پىلانلاپ رېژىسورلۇق قىلغۇچى ئەخمەتجان فۇجۇشى ئىكەنلىگىنى تۇيۇپ قالدى. ئاممىنىڭ كەيپىياتى باغانسېرى ئۆرلىگەنلىكتىن، جاڭ جىجۇڭنىڭ مۇھاپىزەتچى خادىملىرى ئىسيان چىقىپ جاڭ جىجۇڭنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتمىسۇن دىگەن ئەندىشە بىلەن، بىرسى ۋالى مەھكىمىسىنىڭ كەينىدىكى يان ئىشىكتىن چىقىپ تېلېفۇن ئىدارىسىغا بېرىپ (چۈنكى بۇ چاغدا ۋالى مەھكىمىسىنىڭ تېلىفۇننى نامايىشچىلار ئىگىلىۋالغان ئىدى) يېڭى شەھەردىكى جاۋجۇنجاڭ (جاۋشىگۇاڭنى دىمەكچى)غا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. جاۋشىگۇاڭ بۇ پەيتتە ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇرسا، ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىغىنى بىلىپ، ئۆزى ماشىنا بىلەن كېلىپ ئەھۋالنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. ئۇ

ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاراپ باققىدەك بولسا، ئادەملەر سانجاق ـ سانجاق، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، كىرىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلگەچ، ئارقا ئىشىككە بېرىپ يان ئىشىكتىن كىرىدۇ. جاڭ جىجۇڭنىڭ مۇھاپىزەتچىسى جاۋشىگۇاڭنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولىدۇ، يەنى ئاستا بېرىپ جاڭ جىجۇڭغا خەۋەر قىلىدۇ، جاڭ جىجۇڭ نامايىشچىلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كېچىچە سۆھبەتلىشىپ ماغدۇرى تۈگىگەندەك ھالەتكە يەتتى، قانداق ھەل قىلىشنى بىلمەي تۇراتتى، شۇئان بىر بانا بىلەن سەھنىدىن چۈشۈپ جاۋشىگۇاڭ بىلەن بىللە ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ ،ئاپتوموبىلدا يېڭى شەھەرگە چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا تاڭ ئاتاي دەپ قالغان ئىدى. جاڭ جىجۇڭ يېڭى شەھەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ،گەرچە سەل ئارام تېپىپ، خەۋپ ـ خەتەردىن قۇتۇلغاندەك بولسىمۇ، لېكىن ئەخمەتجان بىلەن ۋالى ئابدېكرىم مەخسۇمنىڭ ئۇنى مۇشكۇللۇك ھەم رەسۋا ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىغا ناھايىتى غەزەپلەندى، شۇڭا ئۇ قەشقەردىن دەرھال كېتىشنى قارار قىلدى، ھەمدە جاۋشىگۇڭغا ماشىنا ئەۋەتىپ ۋالى مەھكىمىسىدىكى ھەمراھلىرىنى يېڭى شەھەرگە ئەكىلىشنى بۇيرۇدى، يەنە سائەت 8دە ئۇچۇشنى بەلگىلىدى (ئايرودۇرۇم يېڭى شەھەرنىڭ جەنۇبى دەرۋازىسىنىڭ تېشىدا ئىدى).بۇ ئەخمەتجان قاتارلىقلار ئويلىمىغان ئىش بولدى. ئەخمەتجان ئايرودۇرۇمغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ ھەمرالىرىنى دەرھال ئايروپىلانغا چىقىشنى بۇيرۇدى، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇزىتىشقا ئۇلگۈرەلمىدى.

جاڭ جىجۇڭ 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. قايتىپ كەلگەن كۈنى ئاخشىمى مەن، ليۇرېڭ (غەربىي ـ شىمال ھەربىي مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇجاڭى) ۋە لىيۇمىڭچۇنگە شۇنداق دىدى: « بۇ نىمىلەر بەك يولسىزلىق قىلدى، ئۇلار مىنىڭ شۇنچىلىك جاپا چېكىپ قولغا كەلتۈرگەن شىنجاڭ تېچلىقىنى «قورقۇتىۋالدۇق» دەپ ئويلاپ، ھە دېسىلا ئۆكتەملىك قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارچە بولغاندا بىز پۈتۈنلەي شىنجاڭنى تاشلاپ چىقىپ كەتسەك ئاندىن ئارزۇسى قانىدىغان

ئوخشايدۇ. ئەلۋەتتە بىز شۇنى ھەم كۆرۈۋېلىشىمىز لازىمكى، ئۇلارنىڭ بۇنچىۋالا ھەددىن ئېشىپ كىتىش ئارقا كۆرۈنىشىدە خەلقئارانىڭ قوللىشى بار، شىنجاڭنى 2ـ تاشقى مۇڭغۇلىيگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى.». مەن: بۇندىن كىيىن قانداق قىلماقچىسىز؟ دەپ سۇئال قويدۇم. جاڭ جىجۇڭ ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن: «ئۇلارغا قاتتىق پوزىتسىيە قوللۇنۇپ، قەتئىي يول قويماسلىق لازىم، بىز شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى زاتلاردىن، دۆلەتنى ھىمايە قىلىپ (جىياڭ جېشىنىڭ دۆلىتىنى دېمەكچى)، مەركەزگە ئىتائەت قىلىدىغانلا بولسا (نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى دىمەكچى)، ئۇلارنى مۇمكىن قەدەر قوللاپ يىتىشتۈرىشىمىز، ئىشىنىشىمىز لازىم. دۆلەتكە، ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرىدىغانلار بولسا، ئۇنداقلانى يوگەنلىشىمىز، تەقىپ قىلىشىمىز...لازىم» دىدى. بىزلەر جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئارتۇقچە يول قۇيشلىرىغا، ئاللىقاچان باشقىچە پىكىردە بولۇپ يۈرەتتۇق، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ پوزىتسىيەسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، ھەمدە قەتئىيلىگىنى كۆرۈپ، ئەلۋەتتە خوش بولدۇق، ئۇنىڭ بۇ تەشەببۇسىنى بىر ئېغىزدىن ھىمايە قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈردۇق، شۇ كۈنى ئاخشىمى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئابدېكىرىمخان مەخسۇمنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرلار ئىچىدىن مۇۋاپىق بىرسىنى خىللاپ قۇيۇش قارارىغا كەلدۇق.

جاڭ جىجۇڭ جەنۇبى شىنجاڭ سەپىرىدە قەشقەردە مۇشكۇللۇككە ئۇچراپ ھەم ئېلى تەرەپنىڭ غەرىزىنى چوڭقۇر چۈشەنگەندىن كىيىن يول قۇيۇشتىن قاتتىق پزىتسگە ئۆزگىرىشى، تۇرپان قوزغىلىڭىنى تىزلىتىشنىڭ ۋە ئېلى تەرەپ بىلەن ئاخىرقى بۇزۇلۇشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولۇپ قالدى.

جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىگە قايىتقاندىن كىيىن، ئەخمەتجان قاسىمى، بورھان شەھىدى ئىككى فۇجۇشى نازىر مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، نازىر سەيپىدىن ئەزىزى، مۇئاۋىن نازىر رەخىمجان ساۋۇر ھاجى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسى ئەيسا ئالىپتىكىن، ھەيئەت ئەزا چۈي ۋۇ، باش كاتىپ لىيۇمېڭچۈن، نازىر ۋاڭ زىڭشەن، خارجى ئىشلار ۋەكىلى لىيۇزەيرۇڭ

قاتارلىقلارنى چاقىرىپ ئۇچ كۈن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ۋەزىيەتتە بۇرۇلۇش قىلىپ بېقىشقا، ئىككى تەرەپنىڭ كەسكىن كۈرەشلىرىنى تۈگۈتۈشكە ئۇرۇنۇپ باقتى؛ جاڭ جىجۇڭنىڭ ئاخىرقى يەكۈنى شۇ بولدىكى «شىنجاڭدا گەرچە نۇرغۇن زىددىيەتلەر مەۋجۇت تۇرسىمۇ، لېكىن تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ، يەنە «ئىنقىلاپ قىلىشنىڭ»، «يەنە قوزغىلاڭ قىلىشنىڭ» ھاجىتى يوق ـ دىدى. جاڭ جىجۇڭ يەنە :«شىنجاڭ خەلقىگە ئۇرۇش لازىم ئەمەس، ئۇرۇشنى خەلققە زورلاپ تاڭغۇچىلار چۇقۇم مەغلۇپ بولىدۇ، ئاساسىنى تۈزەپ، مەنبەنى تازىلاش؛ قانۇن ـ سىياسەتكە ئەھمىيەت بىرىپ، سوبېتۇپچىلىقنى تازىلاش؛ دۆلەت ھەم مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، تەرەپبازلىق ـ شەخسىي كۆز قاراشلارنى تازىلاش؛ خەلقچىل رەھبەرلىككە ھۆرمەت قىلىش، سىياسى كۈرەشلەرنى ۋە بىرلا تەرەپنىڭ يۈگەنلىشىگە قارشى تۇرۇش؛ زىددىيەتلەرنى تۈگىتىپ، سۆز ـ ھەرىكەتتە، ئىچكى تاشقى جەھەتتە، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىككە كېلىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا يىراق ۋە پارلاق ئىستىقباللىق بۇلىمىز» دىدى.

جاڭ جىجۇڭ ئىلى تەرەپنىڭ سىياسى كۈرەشنى ئېلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى، بۇنى ئەخمەتجان قاتارلىقلار زادىلا قوبۇل قىلالمايتتى.چۈنكى. ئۇلار ئۆز مەخستىگ يىتىش ئۈچۈن خېلى يىراق تۇراتتى. ئۇلار ئۆز مەخستىگە يىتىش ئۈچۈن، پەقەت كۈرەش ئارقىلىقلا (بۇنىڭ دائىرىسىگە قوراللىق كۈرەش كىرىدۇ) ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بۇلىدۇ ـ دەيتتى.

جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەت قىلشماستىنلا،5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەتىراپىدا جىياڭ جېشىگە تېلىگراما ئەۋەتىپ ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇشۇمچە رەئىسلىگىدىن ئىستىپا سورىدى، ھەمدە شۇ چاغدا شىنجاڭ باش تەپتىشلىگى خىزمىتىنى قىلىۋاتقان مەسئۇت سابىرىنى ئۆلكە رەئىسلىكىگە كۆرسەتتى. مەسئۇت سەبىرى غۇلجىلىق بۇلۇپ، مىللىتى ئۇيغۇر، تۈركىيىدە ئوقۇغان، ئۇ ئۆتمۈشتە شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغانلىغى ئۈچۈن ئىچكىرىگە قېچىپ كىتىشكە مەجبۇر بولغان، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەركىبىدە 10يىلدىن ئۇشۇغراق ئىشلىگەن، مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ

ھەيئەت ئەزاسى، گومىنداڭ پىرقىسى مەركىزى تەپتىش ھەيئىتى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان، جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا كىلىپ مەسئۇل بولغاندىن كيىن شىنجاڭغا قايتىپ كىلىشكە مۇيەسسەر بولغان، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى شىنجاڭنىڭ تەپتىشلىكىگە تەيىنلىدى.

مەسئۇت سەبرى، شۇ چاغدا تەمىرات نازىرى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسى ئەيسا ئالىپتىكىنلەر سياسى جەھەتتە پانتۈركىستلەرگە مەنسۇپ ئادەملەر. بۇ ئادەملەر سىنىپى كۈرەش تەلىماتىغا قارشى تۇرۇدىغانلار، سوۋىت ئىتتىپاقىچە ئىنقىلابىغا نىسپەتەن بەك ئېھتىيات قىلىدىغانلار ئىدى. ئۇلار دەسلىۋىدە ھەدەپ مىللى ئىدىيىنى تەرغىپ قىلدى، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەركىنلىك ھەم مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى، بەزىلەر ئىنقىلابى ئىسيان كۆتىرىش ئىدىيىسىنىڭ رەھبىرى ۋە تەشكىلاتچىسى بۇلۇپ، كيىنرەك شىنجاڭدا ھەقىقى مۇستەقىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىگىنى سىزىپ، يەنە سوۋىتچە ئىنقىلاپتىن قورققانلىغى ئۈچۈن، جۇڭگۇ نامى ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ مىللى مۇختارىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇلار ھەتتا شىنجاڭ ئۆلكىسى نامىنى تۈرك ئۆلكىسى دەپ ئۆزگەرتىشنى (بۇ مەسلە ھەققىدە مەھەممەت ئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا ئالىپتىكىن ماڭا بىر نەچچە قېتىم دىدى.ئۇلاردىكى: «شىنجاڭ»دىمەكلىك خەنزۇلارنىڭ يىڭىدىن كىڭەيتكەن زىمىنى دىگەن مەنادىكى گەپ، ئۇنىڭدا مۇستەملىكىچىللىك مەناسىمۇ بار)، ھەر دائىم خەنزۇلارغا تۈركلەرنىڭ تارىخىنى ۋە مەدەنىيەتلىرىنى تۇنۇشتۇرۇپ، خەنزۇلارنىڭ ئاسىملاتسىيە سياستىگە قەتئىي قارشى چىقتى. جۇڭگۇدىن ئايرىلماسلىق، مۇستەقىللىق ھەرىكىتى قوزغىماسلىق، خەنزۇلارنىڭ ھۈكۈمرانلىقىغا، سىنىپىي كۈرەشكە قارشى تۇرۇش، بۇ تۈركۈمدىكەرنىڭ ئاساسى پىروگىرامىسى ئىدى. بۇ ئەخمەتجان قاتارلىقلار باشچىلىق قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ھەرىكىتى، شىنجاڭ جۇڭگۇدىن ئاجراپ مۇستەقىل بۇلۇپ، شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىقىش، شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر پۈتۈن تۈزۈمىنى

تامامەن شىنجاڭغا كۆچۈرۈپ كىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان سىياسى پىروگىراممىسى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. بۇ ئىككى گوروھ سىياسى تەشەببۇسلىرى تۈپەيلىدىن، بىر ـ بىرسىدىن يىراق تۇراتتى. شەرقى تۈركىستانچىلار پانتۈركىستلار گوروھىنى ھەر ۋاقىت خەنزۇلارنىڭ غالچىسى، مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى ساتقۇچىلار دەپ ھاقارەت قىلاتتى.

نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇشۇمچە رەئىسلىگىدىن ئىستىپا بىرىش ئىلتىماسىنى تەستىقلاپ، مەسئۇت سەبىرىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. بۇ قارارغا ئىلى تەرەپ دەرھال قاتتىق قارشى چىقتى. 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا مەسئۇتقا قارشى چاپلانغان لوزۇنكا شۇئارلار پەيدا بولدى.21 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجاننى تەكلىپ قىلىپ، مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ قارارىنى مەلۇم قىلدى، ئۇ ئاڭلاش بىلەنلا قۇشۇلمايدىغانلىغىنى بىلدۈردى، بىر مۇنچە دەلىللەرنى كۆرسەتتى، جاڭ جىجۇڭنىڭ رەئىسلىكنى داۋاملىق قۇشۇمچە بىجىرىشىنى، يەنى ئۆلكە باشلىغىنى خەلق سايلاپ چىققۇچە رەئىس بۇلۇپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. جاڭ جىجۇڭ «بۇيرۇق ئېلان قىلىنىپ بولدى، ئۇنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس » دىدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى تەرەپ بۇزۇلۇش گىرۋىگىگە يىتىپ باردى.

5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مەسئۇت سابىرى خىزمەت تاپشۇررۇۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، ئېلى تەرەپنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرىدىن بىرسىمۇ قاتناشمىدى. مۇراسىم يىغىنىدا قەشقەردىن كەلگەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى ئوسمان سەكىل سۆپىتىدە سۆزگە چىقىپ، جاڭ جىجۇڭدىن ئۆز قۇلى بىلەن ئىمزالىغان تېچلىق بىتىمىنى ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسى ئىشلارنى يولغا قۇيۇش پىروگىراممىسىنى تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ غەرىزى روشەن بۇلۇپ، مەسئۇتنىڭ رەئىس بۇلۇشىغا رازى ئەمەس ئىدى. مەسئۇت خىزمەت تاپشۇرۇۋالغاندىن كىيىن، ئىلى تەرەپدارلىرىدىن بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسىدىن 40 نەچچە نەپەر ئادەم جاڭ جىجۇڭغا خەت يېزىپ: «تېچلىق بىتىم ئىزچىل ئىجرا

قىلىنمىدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆز خىزمىتىنى ئورۇنلىمىدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى يېڭى تەشكىللەش ھاجەتسىز، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ فۇجۇشلىرى بىلەن ھەيئەت ئەزالىرى بۇ ئىشتىن ئالدىن خەۋەردار بولمىغان، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ماقۇللىشىدىنمۇ ئۆتكۈزۈلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا رەھبەرنى يەڭگۈشلەش مۇۋاپىق ئەمەس، يەڭگۈشلىمەسلىكنى قەتئىي تەلەپ قىلىمىز» دېيىشتى. جاڭ جىجۇڭنىڭ جاۋاپ خېتىدە: «رەئىسنىڭ يەڭگۈشلىنىشى بىلەن تېچلىق بېتىم تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىنماي قالمايدۇ، مەركەز ھەيئەت ئەزالار بىلەن رەئىسنى يەڭگۈشلەشكە ھوقۇقلۇق، مەركەزنىڭ مەسئۇتنى رەئىسلىككە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن، مەركەزدىن بۇيرۇقنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس» دىگەنلەر بايان قىلىندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇمۇل، ئاقسۇ، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىن كەلگەن كېڭەش ئەزالىرىدىن 60 ـ 70 ئادەم بىرلىكتە جاڭ جىجۇڭغا خەت يېزىپ : مەركەزنىڭ قارارىنى ھېمايە قىلىدىغانلىغىنى، مەسئۇت سابىرىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى ئالقىشلايدىغانلىغىنى بىلدۈرۈشتى.

شۇنداق قىلىپ، شەرقى تۈركىستانچىلار بىلەن پانتۈركىستلار (تۈركچىلەر دەپمۇ ئاتىلدۇ) ئارىسىدا، مەسئۇتنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بۇلۇشنى ھېمايە قىلىش ياكى قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە كەسكىن تۇقۇنۇش پەيدا بولدى. ئىلى تەرەپتىكى بىر گېزىت جاڭ جىجۇڭنىڭ بۇ ئىشى جۇڭگۇدا ئەنئەنە بۇلۇپ كىلىۋاتقان «ئۆزى بىلەن ئۆزىنى ئىدارە قىلىش» سىياسىتىنىڭ جارى قىلىنىشى دەپ يازدى.

ئىلى تەرەپتە ئۆز تەۋەسىدىكى ئۈچ ۋىلايەت (ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي) دا مەسئۇقا قارشى چوڭ كۆلەملىك ھەرىكەت يۈرگۈگەندىن تاشقىرى، قالغان 7 ۋىلايەتتىمۇ، ئۇلارنىڭ تەشكىللىرى ئارقىلىق كەڭ كۆلەمدە قارشىلىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى، ئىپادىسى ئەڭ كەسكىن بولغان جايلار: قەشقەر، تۇرپان، توخسۇن، پىچاندىن ئىبارەت. قەشقەردە قوللانغان ئۇسۇللىرى: يىغىن ئېچىپ سۆزلەش، نامايىش ئۆتكۈزۈش؛ تۇرپان، پىچان، تۇخسۇن

ناھىيىلىرىدە بولسا، ھەربىي ھەرىكەت قوللاندى. مانا بۇ-تۇرپان قوزغىلىڭى ۋەقەسىنىڭ سەۋەپلىرىنىڭ بىرسى.

ئەخمەتجان كۆرسەتكەن ئابدىراخمان مۇھىتى تۇرپانغا ھاكىم بولغاندىن كېيىن، ئاستانىنى بازا قىلىپ، «شەرقى تۇركىستان ئىنقىلاپچى ياشلار ئىتتىپاقى» نى قۇرۇشقا ئاكتىپ كىرىشتى. ياشلارغا ھەربىي مەشىق ئۆگەتتى ۋە ئۇرۇمچىدىكى ئەخمەتجان قاتارلىق ئادەملەرنىڭ سىياسى جەھەتتىكى قولايلىقلىرىنى پەردە قىلىپ، ئۇزلۇكسىز ھەم مەخپىي ھالدا قورال-ياراق توشۇپ يوردى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ باش قوماندانلىغى ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ، جاڭ جىجۇڭغا دائىم مەلۇم قىلىپ، يوز بىرىش ئېھتىمالى بولغان قوزغىلاڭنى كوزۇتۇپ تۇردۇق. دەسلەپتە جاڭ جىجۇڭ ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ئىشەنمىدى، كېيىن ئېھتىيات قىلىپ رازۋېتكا قىلىپ ئالدىنى ئېلىڭلار دەپ يولىيۇرۇق بەردى. 5-ئاينىڭ 5-ئاينىڭ 28-كۇنى مەسئۇت ئۆلكىلىك ھۆكۇمەت رەئىسى بۇلۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، يەنى 6-ئاينىڭ 5-كۇنى بەيتىك ۋەقەسى پارتىلدى. بىز ئۇرۇمچىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق بىر قىسمىنى گۇچۇڭغا ئەۋەتتۇق، ئىلى تەرەپ تېخىمۇ ئوبدان پۇرسەت كەلدى دەپ ئويلاپ، دەرھال ئىش باشلاشنى قارارىغا كەلدى.6-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن تارتىپ 7-ئاينىڭ باشلىرىغىچىلىك كەينى-كەينىدىن تۆۋەندىكى ۋەقەلەر يوز بەردى:

1- تۇرپان يېڭى شەھەرگە يېقىن جايدا ،گومىداڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرنىڭ مىلتىقلىرىنى بۇلاش ۋەقەسى يوز بەردى ھەمدە بىر ئەسكەر ئېغىر ياربدار قىلىندى.

2- 10نەچچىدىن، 20 ،30 دىن بۇلۇشۇپ، تۇرپان ئەتراپىدا ھەربىي ماشىنىلارنى بۇلاش، قاتناشقا توسقۇنلۇق قىلىش ھەتتا ماشىنىنىڭ ئۇستىدىكى ھەربىي ئاشلىقنى، جابدۇق-سايمانلارنى بۇلاش ئىشلىرى ئىلگىرى-ئاخىرى 4 ،5 نۆۋەت يوز بەردى.

3- ئابدىراخمان مۇھىتى قاتارلىقلار تۇرپان ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئاممىنى يىغىپ مەجلىسلەرنى ئاچاتتى، تۇرۇشلۇق قىسىملارنى ھەر خىل بەتنامىلار بىلەن ھاقارەت قىلاتتى،

ئاممىنى ئاشلىقلىرىنى ھۆكۈمەتكە سېتىپ بەرمەسلار ... دەپ قۇترىتاتتى، يەرلىك خەلقنى قوزغىلىپ خەنزۇلارنى دۈشمەن كۆرۈشكە، تۆرۈشلۈق قىسىملارنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ئاكتىپ دەۋەت قىلاتتى.

4 - توخسۇن، تۇرپاننىڭ 30 كىلومېتىر غەربىدە بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قاتنايدىغان يولنىڭ تۈگۈنى ئىدى. ئېلى تەرەپ مۇشۇ جايغىمۇ ئادەم ئەۋەتىپ بىر قىسىم كۆچ ئۈيۈشتۈردى، توخسۇن بازىرىنىڭ 50 كىلومېتىر غەربىدىكى ئالغۇينى بازا قىلغان ھالدا ئەخمەتجان تەيىنلەپ ئەۋەتكەن كادىر خەمىت باشچىلىقىدا 40 ،50 مىلتىقلىق 500 ،400 ئادەم يىغىلىپ تاشيولغا پات-پات ھۇجۇم قىلىپ، جەنۇبى شىنجاڭنىڭ ئاشلىقىنى شىمالى شىنجاڭغا تۇشۇشقا توسقۇنلۇق قىلدى. بىر قېتىم ئۇلار بىر يۈلۈچىنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە بىر يۈلۈچىنى ياردار قىلدى. شۇنىڭدەك ئۇلار ئىلانىلىققا يېقىن ئەتىراپتىكى خەلقنىڭ ئاشلىق ھەم ئات-ئۇلاغلىرىنى تارتىۋالدى. توخسۇن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى. ئۇلار:«گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۇرپان، توخسۇن، پىچان ئۈچ ناھىيىدىن چىقىپ كەتسۇن، مەسئۇت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىكىدىن ئېلىپ تاشلانسۇن» دېگەن تەلەپلەرنى قويۇشتى.

5- پىچاندا (پىچان تۇرپاننىڭ شەرق تەرىپىدە بولۇپ تەخمىنەن 30 - 40 كىلومېتىر كېلىدۇ). 7-ئاينىڭ 8-كۈنى 100 دىن ئارتۇق قوراللانغان ئاھما لەمجىنىدىكى ساقچى ئىدارىسىنى مۇھاسىرە قىلىپ، ئۇنىڭ كادىر-ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي يوقۇتۇپ، قورال-ياراقلىرى بىلەن ئاتلىرىنى بۇلاپ كەتتى. ئارقىدىنلا خاندو ساقچى ئىدارىسىنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا، بۇ يەردىكى ساقچى - ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىن تەييارلىقى بولغاچقا، ئىستىھكامغا كىرىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن مەخسىتى ئەمەلگە ئاشمىدى، بۇ يەردىكى ئادەملەر كۆكيارغا توپلىشىپ،پارتىزانلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. پىچان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئادەم ئەۋەتىپ نەسىھەت قىلدى، ئۇلار ئۆزلىرىگە « ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستان پارتىزان ئەترىتى» دىگەن نام بېرىپ 7 تۈرلۈك تەلەپ

قۇيۇشتى، ئاساسلىغى يەنە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۇرپان، توخسۇن، پىچان ئۈچ ناھىيدىن چىقىپ كەتسۇن، مەسئۇت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىكىدىن ئېلىپ تاشلانسۇن دىگەنلەردىن ئىبارەت بۇلۇپ توخسۇن ئالغۇيدىكى بىر قىسىم ئادەملەرگە ئوخشاشلا گەپ قىلاتتى.

6 ـ 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پىچان ياڭخىغا يېقىن جايدا 200دىن ئۇشۇق ئادەم شۇ جايدىكى ساقچى ئىدارىسىغا ئۇشتۇمتۇن ھۇجۇم قىلدى، بىر نەچچە ساقچىنى ئۆلتۈرۈپ، بىر قانچە مىلتىقنى تارتىۋېلىشتى، ناھىيلىك ھۆكۈمەتنىڭ شۇجايدىكى 10 مىڭ دادەندىن ئۇشۇقراق ئاشلىغىدىن ھىچنەرسە قالدۇرماي بۇلاپ كەتتى،

مۇشۇ جەرياندا كىچىك تىپتىكى بۇ كۈچىنىڭ خىلمۇ ـ خىل ھەرىكەتلىرى، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئىلگىرلەش ئەھۋالىدىن قارىغاندا تۇمۇرى بىرتۇتاش بۇلۇپ، ئەخمەتجان قاتارلىقلارنىڭ باش قاتۇرۇپ، مەلۇم پىلانلارنى ئىشلەپ چىققانلىغى، شۇنىڭ بىلەن جاڭ جىجۇڭدا قانداق ئىنكاس بۇلىدىغانلىغىنى سىناپ كۆرمەكچى بولغانلىغىنى چۈشەنگىلى بۇلاتتى. بۇ خىل ۋەقەلەر ئۆزلۈكسىز يۈز بەرگەندىن كيىن، مەن جاڭ جىجۇڭغا شۇنداق پىكىرلەرنى قويدۇم: 1.تۇرپان ھاكىمى ئابدىراخمان مۇھىتىنى دەرھال يۆتكەش؛2. يەرلىك ھەربىيلەر بىلەن ساقچىلارغا قوزغىلاڭچىلارنى بېسىقتۇرۇش بۇيرۇغىنى چۈشۈرۈش؛3. تۇرپان، پىچان، توخسۇن ئۈچ ناھىيدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ كۈچىنى ئەھۋالغا قاراپ ئاشۇرۇش كېرەك. جاڭ جىجۇڭ بۇنداق قىلسا ئىلى تەرەپ بىلەن تامامەن بۇزۇلۇپ كېتىپ، بىر يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ تېنىچلىق ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن بولماسمىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن ئىككىلىنىش ئىپادىسىدە بولدى. بىزگە سەۋىر قىلىپ، يەنە جىم تۇرۇپ كۆزۈتۈشكە، ئىلى تەرەپنىڭ كيىنكى ھەرىكىتىگە قاراپ ئاندىن بىر نەرسە دەيلى دېگەن يوليۇرۇقنى بەردى. جاڭ جىجۇڭنىڭ يوليۇرۇقىغا بىنائەن ھەر بىر دىۋىزيە ـ پولكلارغا تېلىگىراما يوللاپ، ئۇلارنى مۇمكىن قەدەر سەۋىرچانلىق بىلەن يول قۇيۇپ، شىنجاڭ تېنچلىغىنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا،يۇقىرى ھۇشيارلىق بىلەن تەييار تۇرۇڭلار، ئەگەر «قوزغىلاڭچى»لار ھۇجۇم قىلسا قەتئىي قايتۇرما زەربە بىرىڭلار دەپ يوليۇرۇق بەردىم.

ئەخمەتجان قاتارلىقلار جاك جىجوڭنىڭ بېسقتۇرۇش تەدبىر قوللانمىغانلىقىنى يەنە سۆھبەتلىشىش ئېپادىسىنىڭمۇ يوقلىقىنى كۆرۈپ، جاك جىجوڭ قىيىن ئەھۋالدا قاپتۇ دېگەن تونۇشقا كەلدى. چۈنكى ئۇ چاغدا گومىنداڭ بىلەن گوڭچەنداڭ ئارىسىدا جىددى سۇقۇش مەزگىلى بولۇپ، گومىنداڭ قىسىملىرى ھەدەپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراۋاتاتتى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى غەرپكە نەزەر سېلىشقا ئاجىز ئىدى، جاك جىجوڭنىڭ ۋەزىيىسى كۆچنىڭ بېرىچە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ قېلىش بولغانلىقتىن بېسقتۇرۇش تەدبىرى قوللانمىدى، بۇزۇلۇشۇپ كەتسەك، يېڭى باشتىن سۇقۇش بولۇشتىن ئەنسىرەيتتى.

7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى توخسۇندىكى بىر قىسىم كۆچ ئۇشتۇمتۇت كۈمۈشكە ھۇجۇم باشلاپ، تۇرۇشلۇق قىسىمنى يوقۇتۇشقا، جەنۇبى شىنجاڭنىڭ قاتناش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئۇرۇندى. كۈمۈش توخسۇندىن قاراشەھەرگە بارىدىغان تاشيول ئۈستىدىكى بىر بازار بولۇپ، توخسۇنغا 50نەچچە كىلومېتىر كېلەتتى. ئۇ جايدا 128 ـ دىۋىزىيىنىڭ ئىككى لىيەنى(روتىسى) تۇراتتى، دېۋىزيە شتابى قارا شەھەردە ئىدى.

7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تۇپان ھاكىمى ئابدىراخمان مۇھتى، مۇئاۋىن ھاكىم باۋدۇن قاتارلىقلار، ناھيە شەھىرىدىن ئوغۇرلۇقچە قېچىپ ئاستانىگە بارىدۇ، ئۇ يەردە ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن ئەۋەتىلگەن نامانجانلار بىلەن بىللە تۇرپان، پىچان ئىككى جايدىكى كۆچلەرگە قوماندانلىق قىلىدۇ، تەشكىللىك ھالدا قوراللانغان پىيادە ھەم ئاتلىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى تەخمىنەن 600 ـ 700 كىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا قېتىلغان ئامما قېتىلسا 1000دىن ئاشاتتى. بۇلار 20دىن ئارتۇق ئېغىر ـ يىنىك پىلىمۇت، 500 ـ 600 چە مىلتىق بىلەن قوراللانغان ھالدا، 13 ـ كۈنى كۈندۈز سائەت 4 لەردە سىڭگىم ئاغزىغا ھۇجۇم باشلىدى. سىڭگىم ئاغزى تۇرپاندىن 30نەچچە كىلومېتىر شەرققە جايلاشقان بولۇپ، قۇمۇلغا قاتنايدىغان مۇھىم ئورۇن، سىڭگىم ئاغزىدىن تاشيول بويلاپ شەرققە ماڭسا، ئىككى تەرىپى بىپايان دۆڭلۈكلەردىن ئىبارەت. شۇڭدەك سىڭگىم ئاغزىغا يېقىن جايدا خېلى مۇھىم بىر كۆۋرۈك بولۇپ قاتناشنىڭ بىخەتەرلىگى ئۈچۈن، بىز بىر يىلڭ (باتالىيون) ئەسكەر تۇرغۇزۇپ

مۇھاپىزەت قىلاتتۇق. بۇ بىر قىسىم تاغ ئاغزىدا تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دۆڭلۈكتە ئۆزلىرى سېلىۋالغان ئىستىھكامدا تۇراتتى. ئۇ چاغدا تۇرپان، پىچان ئىككى جايدا تۇرۇشلۇق تەخمىنەن 4يىلىڭ (باتالىيون) ئەسكىرى كۆچمىز بار ئىدى (بۇنىڭغا سىڭگىم ئاغزىدا تۇرۇشلۇق بىر باتالىيون كىرىدۇ)، بۇنىڭغا 78 ـ جۈن (كورپۇس) قارمىغىدىكى 176 ـ دىۋىزىيە باشلىغى تىيەن زىمىن قوماندانلىق قىلاتتى، دىۋىزىيە شتابى تۇرپاندا تۇراتتى.

ئەخمەتجان قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدىكى تۇرپان، پىچان، توخسۇن ئۈچ ناھىيىدىكى قوراللىق كۈچلەر، كۈچنى توپلاپ كۆمۈش، سىڭگىم ئاغزى ئىككى جايغا ھۇجۇم قىلدى، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى بوش ئەمەس ئىدى. دىمەك بۇجايلار جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالى شىنجاڭ قاتناش يولىنىڭ مەركىزى بۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا جايى ئىدى، مۇبادا بۇ نۆۋەتتىكى قوزغىلاڭ مۇۋاپىقىيەتلىك چىقسا، جەنۇبى شىنجاڭ ھەم شەرقى شىنجاڭدا ئارقىمۇ ـ ئارقا قوزغىلاڭ چىقىشىغا تەسىر كۆرسۈتەتتى، ئۈرۈمچىگە تەھدىت تۇغۇلاتتى، يەنى: ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئىككى تەرەپلەپ قىستاش ۋەزىيىتى پەيدا قىلىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنى ئۈچ پارچە قىلىۋىتىپ، ناھايتى پايدىسىز ۋەزىيەت پەيدا قىلماقچى ئىدى.

كۆمۈش، سىڭگىم ئاغزىدىكى قىسىملار جىددى ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، ھەر بىر كورپۇس، دىۋىزىيە، پولك باشلىقلىرى كەينى ـ كەينىدىن تېلىگىراممىا يوللاپ، قەتئىي بېسىقتۇرۇشنى تەلەپ قىلىشاتتى. بۇلۇپمۇ 78 ـ كورپۇس باشلىغى يې چىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق قۇتۇبىدىن كىلىپ مەن بىلەن كۆرۈشكەندە يىغلاپ تۇرۇپ «ئەگەر ئەمدى قەتئىي بېسىقتۇرۇش تەدبىرىنى قوللانمىساق، ئۆلسەك جەسىتىمىزگە جاي تېپىلمايدۇ!» دىدى . مەن بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ۋە ھەر دەرىجىلىك باشلىقلارنىڭ تەلىپىنى جاڭ جىجۇڭغا مەلۇم قىلىپ، ئەمدى ئىككىلەنمەستىن كەسكىن بۇلۇشنى تەلەپ قىلدىم. جاڭ جىجۇڭ تۇرپان، توخسۇن، پىچان ئۈچ ناھىيىنىڭ جەنۇبى شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭلارنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ تۇرغان بوغۇز ئىكەنلىگىنى، ئىلى تەرەپكە تارتقۇزۇپ قۇيۇشقا زادى بولمايدىغانلىغىنى، ئۇلار

ئىگىلىۋالسا،  بىزنىڭ ھايات يولىمىزنى بۇغۇپ قۇيىدىغانلىغىنى چۈشۈنەتتى. شۇڭا كەسكىن بۇيرۇق بىرىپ: «قەتئىي بىسىقتۇرۇپ، تەلتۆكۈس تازىلانسۇن، سەن بىر تەرەپ قىلىشقا تۇلۇق ھوقۇقلۇق» دىدى. جاڭ جىجۇڭنىڭ قەتئىي پوزىتسىيەسى بىلەن گىپى، مەن ئۈچۈن تەسەللىي بولدى، چۈنكى ئۇ چاغدا مەن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەربىي قوماندانلىقىغا جاۋاپكار ئىدىم. ئۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، ئارتۇقچە يول قۇيىمىز دەپ، كەڭ زىمىندىن ئايرىلىپ قالساق، نەنجىڭدىكى مەركىزى ھۆكۈمەتكە جاۋاپ بىرىش تەس بولاتتى. مەن يەنە جاڭ جىجۇڭ يىنىۋالمىغاي دىگەن ئەندىشىدە، «ئەگەر ئەخمەتجان قاتارلىقلار سىزگە ئەسكەرئىشلەتمەڭ، ئىلاج بار تىپلىق يۇلى بىلەن ھەل قىلىڭ دەپ تەلەپ قويسا، قانداق قىلىسىز؟» دەپ سورىدىم. جاڭ جىجۇڭ ماڭا: « ئۇزەم ئىلاج قىلىمەن، سەن مىنىڭ دىگىنىم بۇيىچە ئىشلەۋەرسەڭ بولدى» دىدى. مەن جاڭ جىجۇڭنىڭ يىنىدىن چىقىپ، باش قوماندانلىققا كىلىپ دەرھال جىددى ھەربىي يىغىن چاقىردىم، ئىشتىراك قىلغانلار: 5 ـ ئاتلىق كورپۇس باشلىغى ماچىڭشياڭ، 78 ـ كورپۇس باشلىغى يې چىڭ، 46 ـ دىۋىزىيە باشلىغى لوشۇرىن، تەمىنات ئىدارىسىنىڭ باشلىغى شىيارىجاڭ، باش قوماندانلىقنىڭ شتاپ باشلىغى شىن چىڭ، شتاپ باشلىغىنىڭ ئورۇنباسارى لىيۇكەيجىيا قاتا رلىقلار بولۇپ، ئۇلار شتاپ باشقارمىسىنىڭ ۋەزىيەت ئەھۋالى توغرۇلۇق دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كىيىن، مەجلىستە تۆۋەندىكىچە ئورۇنلاشتۇرۇش قارار قىلىندى.

1 ـ  كۈمۈش، سىڭگىم ئاغزى ئىككى جايدىكى قىسىمغا قاتتىق تۇرۇپ قارشىلىق كۆرستىپ ئۆزەڭلارنى قوغداپ ياردەم كۈتۈڭلار دەپ دەرھال تىلىگىراما يوللاش.

2 ـ ماجۇنجاڭغا توخسۇندىكى يې چاڭشۇ باشچىلىغىدىكى ئاتلىق پولكقا توخسۇن ناھىيە شەھىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر قىسىم ئادەم قالدۇرغاندىن تاشقىرى، ئاساسلىق قىسمىنى يې تۇەنجاڭ شەخسەن ئۇزى باشلاپ چاپسانلىق بىلەن سىڭگىم ئاغزىغا يىتىپ بىرىپ «ئىسانچىلار»غا زەربە بىرىش ۋە تازىلاش ھەققىدە دەرھال تىلىگراما بىرىش.

3 ـ يې جۇنجاڭغا قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 178 ـ دىۋىزىيە باشلىغى مۇئىرنىڭ ئىككى باتالىيون

پىيادە ئەسكەرنى ئاپتوماشىنىدا (ئۇ چاغدا قوملۇدا ئاپتو ماشىنىدىن تەركىب تاپقان بىر تۈەن پولك تۇراتتى) سىڭگىم ئاغزىغا ياردەمگە ئەۋەتىش توغۇرلۇق تېلگراما يوللاش بىلەن ،يى چاڭشۇنىڭ پولكى بىلەن بىرلىكتە شۇ جايدىكى «ئىسانچىلار»غا زەربە بىرىشكە ۋە يوقىتىشقا بۇيرۇق بىرىش.

4 ـ قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق 128 ـ دىۋىزىيە باشلىغى جۇڭزۇيىڭگە مەلۇم ساندىكى ئەسكىرى كۈچ بىلەن بىر تۈەنجاڭنى دەرھال كۇمۇشكە ئەۋەتىپ شۇ جايدىكى «ئىسانچىلار»نى يوقۇتۇشقا بۇيرق بىرىش .

5 ـ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 46 ـ دىۋىزىيە دەرھال بىر پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونى ئەۋەتىپ، تەمىنات ئىدارىسى تەييارلىغان ئاپتوماشىنىدا داۋانچىڭ ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا ماڭىدىغان تاشيولنىڭ ئۈستىدە، ئۈرۈمچى بىلەن ئارىلىغى80 ـ 90 كىلومېتىر كېلىدۇ) نىڭ جەنۇبى ئېگىزلىكتە مۇداپىئە كۆرۈشكە، ئېقىپ كىرگەن «ئىسيانچىلار»نى توساپ زەربە بىرشكە بۇيرۇق بىرىش.

6 ـ ھەر جايدا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا تېلگراما ئارقىلىق ئەھۋالنى ئۇختۇرۇپ، ئۇلارنى ھوشيارلىق بىلەن تەييار تۇرۇشقا، ئەگەر ئىسيان چىقىدىغان گۇمانلىق ئەھۋال كۆرۈلسە دەرھال بېسىقتۇرۇشقا تاپشۇرۇش.

ئۇنتۇلمىغان بولسام بۇ يىغىن 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كەچ سائەت 12لەردە ئېچىلغان بولسا كېرەك. يغىننىڭ قارارى بۇلۇپ ئۆتكەندىن كىيىن دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 8لەردە بورھان فۇجۇشى كىلىپ، مۇھىم ئىش ئۈستىدە مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى، مەن نىمە ئىش ئىكەنلىگىنى ئاساسى جەھەتتىن پەرەز قىلىپ مۇرەسسە قىلماسلىق، يول قويماسلىق ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم، ئۇيان ـ بۇياندىن قۇرۇق پاراڭلاشتۇق، لىكىن رەسمىي پارىڭىمىزنىڭ ماۋزۇسىغا ئۆتمىدۇق. بورھان فۇجۇشىنىڭ مەخسىتىچە بولغاندا ئۇنىڭ كىلىش مەخسىتىنى ئاۋال مىنىڭ سورىشىمنى، شۇنىڭ بىلەن سۆھبەتتە ئاساسى ماۋزۇغا كۆچۈشۈمنى ئۈمىد قىلاتتى، مەن بولسام ھېچقانداق

ئىش بولمىغاندەك ئۇنىڭ بىلەن قۇرۇق پاراڭ سېلىشتىم. ئۇ تاقەت قىلالماستىن ئۇشتۇمتۇتلا: «يېقىندا چەت جايلاردا بىرەر ۋەقە يۈز بەردىمۇ» دەپ سوراپ قالدى، مەن ئۇنىڭغا :« باۋۇفۇجۇشنىڭ دەۋاتقىنى نىمە ئىشكىن ؟» دەپ سۇئال قويدۇم . بورهان :« ئاڭلىشىمچە تۇرپان، توخسۇن ئەتىراپىدا خەلق چاتاق چىقىرىپتۇ، ئۈرۈمچىدىن ئۇ جايلارغا ئەسكەر ئەۋەتىلىپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق، ھەقىقىي ئەھۋال زادى قانداقكىن؟» دىدى. «ئۇ جايلاردا مەسلە چىقتى، ئادەتتىكى چاتاق چىقىرىش بولماستىن تەشكىللىك ئىسيان چىقتى» دىدىم. «سۇڭزۇڭشىلىڭدىن شۇنى سوراپ باققىم بار، سىزنىڭچە قانداق بىر تەرەپ قىلماقچىسىز؟» دەپ سۇئال قويدى. مەن ئۇنىڭغا: «سىز جاڭ جۈرىن بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ يوق؟» دىگەن سۇئالنى قويدۇم. « مەن باياتىن جاڭ جۈرىننىڭ قېشىدىن كېلىشىم، جاڭ جۈرىنغا: قوراللىق بېسىقتۇرۇش تەدبىرى قوللانماستىن، ئەڭ ياخشىسى تېچ يول بىلەن ھەل قىلىنسا دەپ تەكلىپ بەردىم » ، دىدى، ـ بورهان. « جاڭ جۈرىن سىزگە نىمە دەپ جاۋاپ بەردى؟» دەپ سورىدىم مەن. « جاڭ جۈرىننىڭ دىيىشىچە، ئۇ ئەھۋالنى ئېنىق بىلمەيدىكەن، ماڭا سىلىڭدىن سوراپ باقسىڭىز» دىگەن گەپنى قىلدى، ـ دىدى بورهان.

«ئابدىراخمان مۇھىتى تۇرپانغا ھاكىم بولغاننىڭ مابەينىدە، ھەر خىل تەشكىلى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى، بۆلۈپمۇ مەخپىي قوراللىنىش بىلەن شۇغۇللاندى، بىز ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان. يېقىنقى بىر ئاي ئىچىدە ئۇلار: ھەربىي ماشىنىلارنى توساپ، قاتناشقا كاشىلا قىلماقتا، دۆلەت ئارمىيسىنىڭ قورال ياراقلىرىنى بۇلاپ، ساقچى ئورۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلماقتا، شۇنىڭدەك ئاممىغا يامان غەرەزلىك تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىناقلىقىغا بۆلگۈنچىلىك سالماقتا، خەلق ئاممىسىغا تەھدىت سېلىپ ھۆكۈمەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىشنى رەت قىلماقتا،...ئۇلارنىڭ بۇنداق خىلمۇ ـ خىل قىلىقلىرى، قىسمىلىرىمىزدىكى ئوفىستېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىدى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمىلارنىڭ باش قوماندانلىق شتابى جاڭ جۈرىننىڭ پىكىرىگە بىنائەن، بارلىق ئوفىسېر ـ ئەسكەرلەرگە، زور سەۋرچانلىق بىلەن، ھەر قانداق ھاقارەتكە چىداپ يول

قوۋۇقلار، شىنجاڭدا بەرپا قىلىنغان تېچلىقنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەيلى، دىگەننى تەۋسىيە قىلىپ كەلدۇق. ئۇلار ئەمدىلىكتە دۆلەت ئارمىيىسىگە ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق ھۇجۇم قىلىپ، تۇرپان، توخسۇن، پىچان ئۈچ ناھىيەدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنى يوقۇتۇشقا، جەنۇبى شىنجاڭ ھەم شەرقى شىنجاڭنىڭ يول قاتنىشىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا، گويا بىر ئادەمنىڭ گېلىنى بوغۇپ قويغاندەك، بىزنى ئۆلۈم ھالىتىگە يەتكۈزۈشكە ئۇرۇندى. مانا بۇ يا ـ ھايات، يا ـ مامات كۈرىشى، قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىپ، قەتئىي بېسىقتۇرۇشتىن باشقا، چارە يوق» دىدىم، ـ مەن بورھان، مىنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كيىن، بىردەم جىم ـ جىتلىقتا ئولتۇرۇپ، ئالدىرىماستىن: «مىنىڭچە ئەڭ ياخشىسى قان تۆكۈلمىگەي، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن باش قوماندانلىقنىڭ بىرلىكتە ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ ئاندىن ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزسەك بولار» دىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ جىددىيلىك بىلەن شۇنداق دىدىم: «بۇ ھەقتە مەسلىھەت قىلىشىدىغان ئورۇن قالمىدى». بورھان پوزىتسىيەمنىڭ قەتئىيلىگىنى كۆرۈپ، گەپ قىلىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىگىنى بىلگەندەك خوشلۇشۇپ كىتىپ قالدى.

مەن بۇ يەردە شۇ چاغدا بورھان توغرۇلۇق جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاراشلىرىمىز ھەققىدە قۇشۇمچە توختۇلۇپ ئۆتكۈم كېلىدۇ. جاڭ جىجۇڭنىڭ تونۇشىچە: بورھاننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك (بورھان جاڭ جىجۇڭغا شۇنداق دەپتۇ: مىنىڭ ئىسمىم بورھان包尔汉 دەپ قويۇلىشى، خەنزۇلارنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىغىمنى كۆرسىتىدۇ)، سەنمىنجۇيىنىڭ سادىق ئىتىقاتچىسى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ بىلىملىك ھەم قابىلىيەتلىك ئادەم ئىدى. شۇڭا جياڭ جېشىغا يوللىغان تېلىگراممىسىدىمۇ، بورھاننى سادىق، ئىشەنچىلىك، يىتىشتۈرۈشكە ئەرزىيدىغان زات دەپ كۆرسەتكەن. مەن شىنجاڭغا كەلگەندىن كيىن، بورھانغا خېلى دىققەت قىلدىم، ھەممە ئادەم ئۇنى 4 دەۋىرنى كۆرگەن ئادەم دەپ ئاتىشىدىكەن (يەنى:ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شىڭ شىسەي، ۋۇجۇڭشىنلەر ھۆكۈمرالىق قىلغان مەزگىلدە، خېلى مۇھىم

خىزمەتلەردە بولغان)، ئۇنى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئاز ئۇچرايدىغان زات دېيىشىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇردۇم. كېيىن شەخسەن ئۆزەم بىر نەچچە نۆۋەتلىك پاكىتلار (بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمايمەن) ۋە ئاگېنتلىق ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىغا خىزمەت قىلىدىغانلىغى ئېنىقلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلاتتىم. جاڭ جىجۇڭغا: « بۇ ئادەمگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ» دېدىم . بۇلۇپمۇ 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ، جاڭ جىجۇڭ بورھاننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئارلىقتىكى ئادەم دەپ تونۇپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيەتلىرىنى پەسەيتىش خىيالىدا بولدى، ۋاھالەنكى ئەمەلىيەتتە بولسا ، ئۇ پۈتۈنلەي ئەخمەتجاننىڭ يولىيۇرۇغىنى ئاڭلايتتى. بۇ قېتىمقى تۇرپان قوزغىلىڭى چىققاندىن كېيىن، ئىلى تەرەپ بىزنىڭ جىددى بېسىقتۇرۇش تەدبىرى قوللانغانلىقىمىزنى كۆرۈپ، بورھاننى يول مېڭىشقا بۇيرىدى، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ سىياسى ئارقا كۆرۈنۈشىنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. شۇنىڭدەك، مەن شىنجاڭدىكى ۋاختىمدا بورھاننىڭ تاتار ئىكەنلىگىنى بىلەتتىم، ئازاتلىقتىن كېيىنكى ھۆججەتلەردە ئۇنى ئۇيغۇر دەپ يېزىپتۇ، بۇنىڭغىمۇ ھەيران بولدۇم.

## قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرۇشنىڭ ئۆتمۈشى

كۆمۈش تەرەپتە: 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كېچىسى ئۆزلىرىنى «شەرقى تۈركىستان پارتىزانلىرى» دەپ ئاتىغان 200 ـ 300 چە ئادەم، ئۇشتۇمتۇن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، ھۇجۇم قىلغۇچىلاردا جەڭ قىلىش تەربىيىسى كام ۋە ئېغىر تىپتىكى قورالLAR بولمىغانلىقتىن (مەسلەن: مىناميوت، پىلموت قاتالىقلار )، پەقەت قەھرىمانلىقلا تايىنىپ بىر نەچچە قېتىم قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ كۆردى. قۇربان بېرىش ھەم يارىدار بۇلۇش ئېغىر بولدى، ھەر قېتىمدىلا چېكىندۈرۈلۈپ تۇردى. 13 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن يەنە 200 ئادەم قېتىلىپ، داۋاملىق ھۇجۇم قىلدى، جەمئى بىر كېچە داۋاملاشسىمۇ،

يەنىلا نەتىجە چىقىرالمىدى. 14 ـ كۈنى 128 ـ دىۋىزىيە ياردەمگە ئەۋەتكەن قىسىم يېتىپ كېلىپ ، ھېلىقى قورالىلقلارغا تامامەن زەربە بېرىلدى، ئۆلگەن، يارىدار بولغان ۋە ئەسىرگە چۈشكەنلەردىن باشقىلىرى تارقاپ كېتىشتى، يول قاتناش ئەسلىگە كەلدى.

سىڭگىم ئاغزى تەرەپتە: 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەتىگەندە، تەشكىللىك ۋە خېلى تەربىيە ئېلىپ قوراللانغان 600 ـ 700 چە ئادەم، سىڭگىم ئاغزىنىڭ جەنۇپ ھەم شىمالىدىكى ئېگىزلىكنى ئىشغال قىلىپ، « شەرقى تۈركىستان پارتىزانلار ئەترىتى» دەپ يېزىلغان ئاق بايراقلارنى كۆتۈرگەن ھالدا پەيدا بولدى. تاڭ ئېتىش ئالدىدا سىڭگىم ئاغزىدا تۈرۈشلۈق قىسىمغا ھۇجۇم قىلدى، قىسىملىرىمىز ئىستىھكامدا تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئىستىھكامنىڭ تولىسى چوڭ تاش، پىششىق خىشلاردىن خېلى پۇختا سېلىنغان، ئەتراپىقا چوڭقۇر خەندەك كولانغان، ئىستىھكامنىڭ ئىچىدە خېلى مىقداردا ئاشلىق ۋە ئوق دورا بۇلۇپ، مۇداپىئە قىسىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىچكىرىدىن چىققان خەنزۇ ئەسكەرلەر ئىدى. ،ئۇلار: ئەگەر چىڭ تۇرۇپ جەڭ قىلمىغاندا، «ئىسيانچىلار» تەرەپتىن يوق قىلىنىدىغانلىقىنى، بىردىن ـ بىر يول، جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسىتىش لازىملىقىنى ئوبدان بىلەتتى، ھۇجۇم قىلىۋاتقان پارتىزانلارنى كۇمۇش تەرەپتىكى پارتىزانلارغا سېلىشتۇرغاندا سۇقۇش ئىقتىدارى خېلى كۈچلۈك ئىدى، يەنە ئۇلاردا: 20دىن ئارتۇغراق ئېغىر ـ يېنىك پىلمۇت بار ئىدى. گىراناتلىرى جىق، ھۇجۇم قىلىش كۈچى خېلى كۈچلۈك ئىدى، ئىستىھكامغا قەدەممۇ ـ قەدەم قىستاپ كېلەتتى، قىسىملىرىمىزغا بىر نەچچە گىرانات ئاتتى، ئۇلار ئىستىھكامنى پارتىلىتىشنى ياكى بىر قىسمىنى پارتىلىتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئىستىھكام پۇختا قۇرۇلغاچقا ئۇلار مەخسىتىگە يېتەلمىدى؛ ئەكسىچە، بىزنىڭ قىسىملىرىمىز ئىستىھكام ئىچىدە پىلموتتىن ئوق چىقاردى، گىراناتلارنى ئاتتى. شۇنداق قىلىپ ھۇجۇمچىلاردىن ئۇلۇپ ـ يارىدار بۇلۇش ئەھۋالى خېلى ئېغىر بولغان ئىدى. باتالىيون باشلىغى (يىڭجاڭ) چېڭ...نىڭ ماڭا دېيىشىچە : شۇ كۈنى (7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى) تەخمىنەن 100دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن، يارىدار بولغانلار تېخىمۇ جىقراق بولسا كېرەك، 13 ـ كۈنىدىكى جەڭ

تا ـ دىگەرگىچە داۋام قىلغان، پارتىزانلارنىڭ يۈرگۈزگەن بىر نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىدىن نەتىجە چىقمىدى، ئابدىراخمان قاتارلىقلار ئەتراپتىن كۈچ توپلاپ، ئادەمنىڭ سانى 1000دىن ئاشتى، سىڭگىم ئاغزى قاتتىق مۇھاسىرىدە قالدى، تۇرپان، پىچان ئارلىغىدىكى تېلىفۇن، تېلىگراف سىملىرى ئۈزۈپ تاشلاندى، سىڭگىم ئاغزىغا يېقىن ئەتراپتىكى تاشيول كۆۋرۈكلىرى پارتىلىتىلدى، ئۇلار بىزنىڭ قىسىملىرىمىزغا كېلىدىغان ياردەمنى كېچىكتۈرۈش ئارقىلىق سىڭگىم ئاغزىدىكى قىسىملارنى يوقۇتۇش مەخسىتىگە يىتىش غەرىزىدە بولدى. 13 ـ كۈنى كېچىسى، يەنە شۇ « شەرقى تۈركىستان پاتىزانلار ئەترىتى» نىڭ بىر نەچچە يۈز ئادىمى ئىستىھكامغا يېقىنلاشتى، بەزىلەر خەندەكتىن شوتا قۇيۇپ ئۆتۈپ، ئىستىھكامغا يېقىنلاپ قايتا ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئۇلار ئىستىھكامنى چۇقۇم ئېلىشقا ھەرىكەت قىلاتتى، مۇشۇ ھالدا مۇداپىئە قىلىۋاتقان قىسىملىرىمىزدىن خېلى كۆپ كىشى ئۆلدى ھەم يارىدار بولدى، قوماندانلىق قىلغۇچىلار تاقەتسىزلەندى، ئۇلار سىمسىز رادىئو ئارقىلىق ئۈرۈش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى ۋە جىددى ياردەم بىرىشنى ئىلتىماس قىلىشتى. 13 ـ كۈنى كېچىسى قاتتىق جەڭ كېچىچە داۋام قىلىپ، چوقان ـ سۈرەنلەر كۆتۈرۈلدى، مۇداپىئە قىسىملىرىمىز ئەگەر «جاندىن ئايرىلسا، جەسىدىنى قۇيىدىغان جاي تاپالمايدىغانلىغىنى» چۈشەنگەن ئەھۋالدا، جاسارەتلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئاخىرى پارتىزانلارنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى قايتۇردى. لىكىن ھۇجۇمچىلار ھەر قانچە زەربىگە ئۇچىرىسىمۇ سىڭگىم ئاغزىنى تاشلاپ كىتىشكە كۆڭلى قىيمايتتى. شۇڭا ئۇلار داۋاملىق كۈچ توپلاپ،ئورۇنلاشتۇرۇشنى رەتكە سېلىش ئارقىلىق، يەنە بىر قېتىملىق ھۇجۇمغا تەييارلىنىپ، قىسىملىرىمىزنى يوقاتماقچى بولاتتى، لىكىن ياردەمچى قىسىم دەل ۋاختىدا يىتىپ كىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورۇنۇشلىرىنى بۇزىۋەتتى. 5 ـ ئاتلىق كۇرپۇسنىڭ توخسۇندا تۇرۇشلۇق بىۋاستە ئاتلىق پولكى، بىر لىيەن ئەسكەر (روتا) نى توخسۇننى ساقلاشقا قالدۇرغاندىن تاشقىرى، قالغانلىرى تۇەنجاڭ يى چاڭشۇ باشچىلىغىدا 14 ـ كۈنى كەچ سائەت 2 ئەتراپىدا يولغا چىقىپ، ناھايتى تىز مېڭىپ سائەت 6 ئۆپچۆرىسىدە سىڭگىم ئاغزىغا

يېقىنلاشتى، بۇ دەل «شەرقى تۈركىستان پاتىزانلار ئەترىتى» نىڭ ھۇجۇمى زەربىگە ئۇچراپ تۇرغان ۋاقىتقا توغرا كەلدى. ئاتلىق قىسمىنىڭ ھەرىكىتى تېز بولغاچقا، سىڭگىم ئاغزىنىڭ جەنۇپ ھەم شىمالى ئېگىزلىكلىرىنى چاپسانلا تارتىۋېلىپ، بىر نەچچە جايدا جۇغلاشقان پارتىزانلارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتۇماشىنىدا قومۇلدىن ياردەمگە كەلگەن باتالىيونمۇ، سائەت 6 ئۆپچۆرىسىدە سىڭگىم ئاغزىنىڭ شەرقىدىكى جايغا يېتىپ كىلىپ، ئېگىزلىكنى ئىشغال قىلىپلا، بىر ـ بىرلەپ سىڭگىم ئاغزىغا قاراپ قىستاشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن شەرق ھەم غەرىپتىن، ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن قىستاش ھالىتى پەيدا بولغاندا، ئابدىراخمان مۇھتىتى قاتارلىق ئادەملەر ۋەزىيەتنىڭ پايدىسىزلىغىنى كۆرۈپ، ياڭخى، قاراخۇجا، ئاستانە، ياغاچ بېشى، سۇبېشى قاتارلىق جايلارغا چېكىندى، سىڭگىم ئاغزىدا تۇرۇشلۇق قىسىم بىلەن ياردەمگە كەلگەن قىسملار قوشۇلغاندىن كىيىن، ئۆزلۈكسىز ھالدا قوغلاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۆتتى. پارتىزانلارنىڭ سىڭگىم ئاغزىدا 200دىن ئارتۇق جەسىدى قالدى (ئۇلارنىڭ تولىسى ئاتلىق ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى)، قوغلاپ ھۇجۇم قىلغان قىسىم سىڭگىم ئاغزىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مەھەللە ئەتراپىدا 70 ـ 80 ئادەمنى يوقاتتى. قالغانلىرىنىڭ تولىسى قېچىپ يوق بۇلۇشتى، قالغان 400دىن ئارتۇق ئادەم كۆكيار تېغىغا قاراپ قېچىشتى. كۆكيار تېغى دىڭىز، پىچاننىڭ شەرقى شىمالىدا گۇچۇڭنىڭ غەربىي جەنۇپ تەرىپىگە جايلاشقان بۇلۇپ، خېلى كەڭ رايون، ئىستىراتېگىيە جەھەتتىن مۇھىم ئورۇن ئىدى. شىنجاڭدا بۇرۇن بۇلۇپ ئۆتكەن بىر نەچچە قېتىملىق قوزغىلاڭلارمۇ بۇ جاينى ئىش باشلاش نۇقتىسى قىلىپ كەلگەن.

«شەرقى تۈركىستان پاتىزانلار ئەترىتى» نىڭ قالدۇق قىسىملىرى تاغقا كىرگەندىن كىيىن 16 ـ كۈنى يەتتى قۇدۇقتىكى قىسىملارغا ھۇجۇم قوزغىدى؛ قىسىملىرىمىز سەۋىرچانلىق بىلەن مۇداپىئە قىلىپ بىر كۈن كەچكىچە قاتتىق جەڭ قىلدى، ئۇرۇش 17 ـ كۈنى ئەتىگەنگىچە داۋام قىلدى، پىچاندىن ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قوشۇن يېتىپ كىلىپ، شەرق ۋە غەرپ تەرەپتىن قىسىپ ھۇجۇم قىلىپ پارتىزانلاردىن 20دىن ئۇشۇق ئادەمنى يوقاتتى. ئۇلار ئەھۋالنىڭ

يامانلىغىنى كۆرۈپ، كۆكيار تېغىغا جايلىشىۋېلىپ تۇرپان، پىچان ۋە گۇچۇڭ،مورى ئالىغىدىكى يول قاتناشقا دائىم توسقۇنلۇق قىلىپ تۇرغانلىقتىن، يەنىلا خېلى چوڭ تەھدىت بولدى. مەن مۇشۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، پىچان، يەتتە قۇدۇق، گۇچۇڭ ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق قىسملارغا، قىسمەن ئەسكەر كۈچ ئاجرىتىپ، بىر نەچچە يولغا بۆلۈنگەن ھالدا تاغقا كىرىپ ئاختۇرۇپ يوقۇتۇشقا بۇيرۇق بەردىم. 20-كۈندىن باشلاپ 23-كۈنگىچە ئىلگىرى-ئاخىرى بۆلۈپ كەڭ ئېقىن، كۆكيار تېغى قاتارلىق جايلاردا پارتىزانلار بىلەن ئۇچرىشىپ جەڭ قىلدى، 100دىن ئۇشۇق ئادەم ئەسىرگە ئېلىندى، قالغانلىرىنىڭ سانى 300گە يەتمەيتتى، ئۇلار جەڭدىن سوۋۇپ، چىچانخۇ ئىسسىق بۇلاق،قارايۈزى ئارقىلىق غەربكە قاراپ كەتتى. 24-كۈنى كېچىسى، پارتىزانلار ئۈچ بۇلاق دېگەن جايدا بىز تەرەپتىن توساپ زەربە بىرىشكە ئېۋەتىلگەن 47-دىۋىزىينىڭ قىسملىرى بىلەن بىر سائەتتىن ئارتۇق ئۇرۇشقاندىن كىيىن، كېچىلەپ غەربكە مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. 25-كۈنى شىياۋياڭخۇغا يىتىپ بېرىپ، توساپ زەربە بىرىشكە ئەۋەتىلگەن يەنە بىر قىسمىمىز بىلەن ئۇچراشتى، ئىككى تەرەپ ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئۇرۇشتى،پارتىزانلاردىن يەنە بىر نەچچە ئون ئادەم ئەسىرگە چۈشتى، بۇ چاغدا « شەرقى تۈركىستان پارتىزانلار ئەترىتى» نىڭ 100دىن ئارتۇق ئادىمى قالغان ئىدى، ئەسىرلەرنىڭ ئىقرارىچە: «ئۇلار بىر نەچچە كۈندىن بېرى كۈنىگە 50 كىلومېتىردىن جىقراق يول مېڭىپ ، تولاراق كېچىسى تاغ جىلغىلىرىنى بويلاپ ماڭغان، تاغ ئىچىدە ئاھالە ئاز بولغانلىقتىن، ئۇزۇق تېپىش تەس بولۇپ، ئاچلىقتىن بەك ئاجىزلاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئىلىدىن ئەۋەتىلگەنلەر كۆپ ئىدى. ئۇلار: ئامال قىلىپ دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلساقلا، تيانشان تېغىنى ياقىلاپ شىخوغا يېتىۋالىمىز دەيتتى.» 25-كۈنى پارچە ساغاندىن داۋاملىق غەربكە ماڭغان 100نەچچە ئادەم، شۇ كۈنىسى ئالغۇيغا يېتىپ بارغان ھەمدە توخسۇننىڭ غەربي جەنۇبىغا 15 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بىر سودىگەرنىڭ ئاپتۇماشىنىسىنى تۇسۇپ ھۇجۇم قىلىپ، تۆت نەپەر يولۇچىنى ئۆلتۈرگەن. 26-كۈنى ئەتىگەندە توخسۇننىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بورجاي

دىگەن يەرگە يېتىپ بېرىپ، يەرلىك خەلقتىن ئاشلىق سورىغاندىن تاشقىرى، مەزكۇر كەنتتىكى ئات ـ ئۇلاغنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتكەن. داۋانچىڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار بىلەن توخسۇندا تۇرۇشلۇق قىسىملار ئىككى تەرەپتىن پارتىزانلارنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى قوغلاپ ھۇجۇم قىلدى. 26 ـ كۈنى بۇرجاي ھەم كوجەي ئارىلىغىدا ۋە كوجەيگە يېقىن تاغلىقتا ئىلگىرى ـ كېيىن بىرنەچچە قېتىملىق كىچىك ئۇرۇشلار بولدى. ئۇ ئۇرۇشتا يەنە 50نەچچە ئادەم ئۆلدى ھەم ئەسىرگە ئېلىنىد، 100گە يەتمەيدىغان قالدۇق قىسىم، تىيانشان تېغىنى بويلاپ غەرىپكە كەتتى. ئاڭلىغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇلار ئۇزۇن ئۆتمەي غۇلجىغا يېتىپ بارغاندا، يەرلىك خەلق قەھرىمانلار دەپ قىزغىن قارشى ئالغان.

تۇرپان قوزغىلىڭى جىمىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن، شىنجاڭدىكى ئەسكەرلەرنىڭ باش قوماندانلىغى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىرلىكتە ھال سوراش ئۆمىگى ئۇيۇشتۇردى، تەركىۋىدە 20نەچچە ئادەم بۇلۇپ، بۇنىڭغا باش قوماندانلىق سىياسى بۇنىڭ باشلىغى شياڭ كېشۇن باشچىلىق قىلىپ، تۇرپان، توخسۇن، پىچان ئۈچ ناھىيىگە بېرىپ خەلقتىن ھال سورىدى، قوزغىلاڭدىن كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىشلىدى، ئۇلار بۇ جايلاردا بىر مەزگىل تۇردى، تەپسىلىي خىزمەت ئەھۋالىنى ئانچە بىلمەيمەن.

تۇرپان قوزغىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، مەسئۇت تۇرپان ھاكىملىقىغا ئادەم تەيىنلەپ ئەۋەتتى، ناھىيلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا ھەربىي سوستاۋدىكى ئىشپىيۇنلاردىن تەيىنلەنگەن. ئاڭلاشقا قارىغاندا مەزكۇر ئىشپىيون تۇرپان ۋەقەسىدىن پايدىلىنىپ ، تۇرپان ناھىيىسىدە نۇرغۇن ئادەمنى قولغا ئالغان، بەزىلەرنى دەھشەتلىك ھالدا ئۆلتۈرگەن، بۇنىڭدىن مەن ھەم جاڭ جىجۇڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ (ئەمەلىيەتتە ھەربىي سوستاۋدىكى ئىشپىيۇنلارنىڭ شىنجاڭدىكى پونكىتى) باشلىغى شې ۋەنشۇەن مۇئاۋىن باشلىغى راۋتېشەنلەرگە قاتتىق كايىغان بولسىمۇ، بىراق ۋاختى ئۆتكەن ئىدى. تۇرپان، پىچان، توخسۇن قوزغىلىڭى پەيدا بۇلۇپ ئىككىنجى كۈنى چۈشتىن كېيىن

سائەت 4 ئۆپچۆرىسىدە جاڭ جىجۇڭ ئۆزى مېنىڭ ئىشخانامغا كېلىپ ئەھۋالنى سورىدى، ۋە «باشقا جايلاردىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭ چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى قوللىنىش كېرەك، ھوشيار بولۇپ، قاتتىق مۇداپىئە ھالىتىدە بولغاندىن تاشقىرى، جايلاردا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلات پائالىيتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇھىم ئۇنسۇرلارنى تەكشۈرۈپ ئىنقىلاپ قولغا ئېلىپ رىجىمدە تۇتۇش كېرەك. قەشقەر جەنۇبى شىنجاڭنىڭ مۇھىم جايى بولغاچقا تېخىمۇ دىققەت قىلىش لازىم. . . » دېدى. ۋە شۇ ئانلا مېنىڭ ئىش جوزامدا ئولتۇرۇپ ئۆز قەلىمى بىلەن ئىككى پارچە تېلېگراما يازدى، ئۇنىڭ بىرسىنى قەشقەردە تۇرۇشلۇق 42 ـ كورپۇس باشلىغى جاۋشىگۇاڭغا، يەنە بىرسىنى خوتەن، يەركەن، ئاقسۇ، قاراشەھەر، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى ھەربىي باشلىقلارغا يوللىماقچى. تېلېگراممىنىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى ئۇنىڭ ماڭا قىلغان گېپى بىلەن ئوخشاش دېيىشكە بولىدۇ، ھەر بىر كورپۇس، دىۋىزىيە، پولك باشلىقلىرى جاڭ جىجۇڭنىڭ قول بۇيرۇغى بۇيىچە جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭدا قولغا ئېلىشنى ئېلىپ باردى، مېنىڭ خاتىرەمدە قالغانلىرىمنى ئېيتسام، قەشقەردىن قولغا ئېلىنغانلار 40 ـ 50 ئادەم، باشقا جايلاردىن 20 ـ 30 ئادەم قولغا ئېلىنغان بولۇپ ھەممىسى 70 ـ 80 ئادەمگە يېتىدۇ. 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەن شىنجاڭدىن كەتكەن چاغدا، بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىگى تېخى قويۇپ بېرىلمىگەن ئىدى، كېيىن تاۋسىيۇ تاپشۇرۇۋېلىپ بىر تەرەپ قىلغان. جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان قولغا ئېلىش بۇيرۇغى ھەققىدىكى تېلېگراما ۋە تۇرپان، پىچان، توخسۇن قوزغىلاڭلىرىنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدىكى پۈتۈن دىلونى ئۆز قولۇم بىلەن تاۋسىيۇگە تاپشۇرۇپ بەردىم.

«قەتئىي بېسىقتۇرۇپ، تەلتۆكۈس تازىلانسۇن» مانا بۇ ـ جاڭ جىجۇڭنىڭ شەخسەن ماڭا ئۆزى بەرگەن يولیۇرۇغى: قولغا ئېلىش بۇيرۇغىنى جاڭ جىجۇڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان. لېكىن جاڭ جىجۇڭ ئۆزىنىڭ 70 ياشلىغى بىلەن يازغان خاتىرە نامىسىنىڭ 5 ـ بابىدا «شىنجاڭ مەسلىسى» ئۇستىدە توختالغىنىدا، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن سوۋېت بىلەن دوست بولۇش سىياستى ۋە مىللىي سىياسەتنى يۈرگۈزۈشۈمگە توسالغۇ بولغۇچى دەپ

يېزىپتۇ، بۇ ھەقتە مېنىڭ ئۆزەمنى ئاقلاش غەرىزىم يوق، مەخسىتىم پەقەت پاكىتنىڭ ھەقىقىي ئۆتمۈشنى بايان قىلىپ، تارىخشۇناسلارنىڭ پايدىلىنىشىغا تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەت. تۇرپان قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن ، ئىلىدا چىققان بىر گېزىت مۇشۇ ۋەقە توغرۇلۇق يازغان ئوبزورىدا: «جاڭ جىجۇڭ ئاق يۈزلۈك رولنى (سەھنە كەينىدىكى ئادەم)، سۇڭ شىلىيەن قارا يۈزلۈك رول (چوماقچىلىق) نى ئالغان دەپ ئالغان ئىدى، مانا بۇ ئىككى جۈملە سۆز، دەرۋەقە مەن بىلەن جاڭ جىجۇڭنىڭ ئەسلى ماھىيىتىمىزنى دەل تەسۋىرلىگەن ئىدى.

تۇرپان، پىچان، توخسۇن قوزغىلىڭى ۋەقەسى تېچلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاتارلىق ئادەملەر ئۈچۈن ئېغىر زەربە بولدى. ئۇلار جاڭ جىجۇڭ بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىششى ئىمكانىيىتى قالمىدى دەپ تونۇپ، 8 ـ ئاينىڭ باش ۋە ئوتتۇرلىرىدا ئەسلىدە ئېلى تەرەپتىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ھەيئەت ئەزالار ھەم خادىملار، ئارقىمۇ ـ ئارقا ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا كېتىشتى. دېمەك جاڭ جىجۇڭ باشچىلىقىدىكى گومىنداڭچىلار بىلەن ئەخمەتجان باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستانچىلارنىڭ ھەمكارلىقىدا تەشكىل قىلىنغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، ئاران بىر يىل بىر ئاي داۋام قىلىپ ئاخىرى بۇزۇلۇشتى.

تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمرانلار، چېگرا رايۇنىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە نىسپەتەن ھەر زامان يۇقىرى دەرىجىلىك بېسىم ۋە ئالداش سىياسەتلىرىنى قوللۇنۇپ كەلگەن، چېگرا رايۇنلىرىدا كۆپ قېتىملىق پاراكەندىچىلىك ۋە مىللەتلەر ئۆچمەنلىگىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشنىڭ تۈپ سەۋەۋى مۇشۇ نۇقتىدا. مەن بۇ ھەقتە ئانچە چۈشەنمەيلا بۇرۇن ئۆتكەن «دانىشمەن» لەرنىڭ «چېگرادا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى» گە ئەقىدە باغلايتتىم، بولۇپمۇ «زۇزۇڭتاڭ غەربىي شىمالدا» ناملىق كىتاپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىغىم ئۈچۈن (بۇ كىتاپنىڭ ئاپتورى چىڭ خەنسەي، شاڭۇ نەشرىياتىدا بېسىلغان)، مېڭەمنى چوڭ خەنزۇچىلىق ئىدىيىسى چۇلغىۋالغان ئىدى. ئىلى ۋەقەسىنىڭ ئەرباپلىرى تەشكىل قىلغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » ۋە ئاكتىپ راۋاج تاپقان «شەرقىي تۈركىستان

جۇمھۇرىيىتى» ھەرىكىتى، شىنجاڭنى ۋەتەندىن ئايرىپ مۇستەقىل بۇلۇش غەرىزىدە ئىكەنلىكى رۇشەن. ئەلۋەتتە بۇنىڭغا قارشى تۇرۇش كېرەك، لېكىن ئۇلارنى ۋەتەنپەرۋەر بول دېيىش ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋال ئۇلار ۋەتەننىڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. چىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن گەرچە مىللەتلەر باراۋەرلىكى تەرغىپ قىلىنسىمۇ، بىراق شىنجاڭ خەلقىگە ھېچقانداق باراۋەرلىك ياكى بەخت يەتكۈزگىنى يوق. خەنزۇ ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ ئۇ جايلاردا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى، ئاۋالقىسىچە بۇلۇپ، تا ـ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلگىچە پۈتۈنلەي ئۆچىغا چىققان مۇستەملىكىچىلىك سىياسەت دىيىشكە بولاتتى.

«قەيەردە ئېزىش ـ ئېكسپلاتاتسىيە بۇلىدىكەن، ئىزىشكە، ئېكسپلاتاتسىيىگە قارشى ئىنقىلابى ھەرىكەتنىڭ بۇلۇشى مۇقەررەر» دىگەندەك، شىنجاڭ خەلقى يومشىچىك ـ كاپىتالىستلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ جاھالەتلىك سىياستىگە چىدىيالماي، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ۋە ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىنقىلاپ قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتىرىشى مۇقەررەر قانۇنىيەت. تۇرپان قوزغىلىڭى ۋەقەسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ قانداق بۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن بۇ ھەرىكەتنى دەھشەتلىك بېسقتۇرغۇچى جاللات بولدۇم، شىنجاڭ خەلقىنى قىرىپ ـ چېپىپ، تۇرپان، پىچان، توخسۇن ئۈچ ناھىيىگە ناھايتى چوڭ زىيانلار يەتكۈزدۈم، مىنىڭ جىنايىتىم خېلى ئېغىر، مەن شىنجاڭ خەلقى ئالدىدا خىجالەتمەن.

1965 ـ يىلى 10 ـ ئاي

مەنبە: شىنجاڭ تارىخ ماتىرىياللىرى 3 ـ كىتاپ  شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى نەشرى

# بوزلاۋاتقان ئانا تىلىم

(بىر ئۇيغۇر "كېچەلمەيمەن، سېنىڭدىن ۋەتەن" دەپ خىتاب قىلدى ۋە ئاندىن ئېكران كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئادەم تىللاشنى باشلىۋەتتى؛ ئۇيغۇر تىلى يىغلاپ كەتتى)

بىر ئادەمنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم سارالڭ قىلالمايدۇ.
ئۇنىڭ ساراڭلىقى
ئاۋۋال ئۆزىنى ياراتماسلىقتىن باشلىنىدۇ،
ئاندىن
ئۇنىڭ كېسسىلى ئانا تىلغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بوزلاۋاتقان ئانا تىلىم،
ئېھ، بوزلاۋاتقان ئانا تىلىم.
ساددا ئىگىسىنىڭ يۇقۇملىق بارماقلىرىدا
كالچىرىغان يۈزلەردىكى
شەلۋەرىگەن، ئېچىغان ئېغىزلاردا
ئۆمچىيىۋاتقان ئانا تىلىم.

سېنىڭ يىغاڭدا ئۇنىڭ ھەسسىسى بار،
سېنىڭ كېسلىڭدە مېنىڭ ھەسسەم بار.

بىر تىل بوزلايدۇ.
قەلبى ھاجەتخانىغا ئايلانغان بىر توپ كىشىلەر،

بۇزۇپ، پىتقداپ، ۋاشاڭ قىلىۋاتقان بىر تىل.

بۇ تىلنىڭ يىغىسىنى قانداق توختىتىش كېرەك؟

بۇ تىلنىڭ كېسىلىنى قانداق داۋالاش كېرەك؟

بىر ئۇيغۇر ئۇيغۇر تىلىنى ساز قىلماقتا.

ئۇ چۈش كۆرۈۋاتىدۇ

يەنە شۇ ئەبجەق چۈشلەر،

يەنە شۇ

ئۆپكىسى كۆرۈنۈپ قالغان يوغان غايىلەر،

شەرتى ئورۇندالمىغان ماكاپ ئارمانلار.

تاتلىق

ۋە تاتلىق

سۆزلىسىلا بولىدىغان ئېغىزلاردا كۆشلىۋاتقان شۆلگەيلەر.

ئەي نوقۇغۇچى،

قولۇڭنى تارت،

ئۇ چۈش كەيپىنى سۈرۈۋاتىدۇ،

شۆلگىيىنى يالاپ يۇتۇۋاتىدۇ.

چۈش كۆرگۈچىنى تۇرتۇش بىر قاباھەت،

چۈش كۆرگۈچى ئۈچۈن نوقۇلۇش بىر جىنايەت.

**2012 ـ يىل ، ئۆكتەبىر ۋايىكىكى**

ئاپتوردىن: ئىلگىرى نەزمىي ئەسەر ئېلان قىلغان بولساممۇ، باشقا ئىشلارنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن ئون نەچچە يىللاردىن بېرى شېئىر يازمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئوقۇۋاتقان كەسپ ھېسسياتنى كېسىشنى، لوگىكىلىق تەپەككۇرغا كۆنۈشنى تەلەپ قىلغاچقا، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن شېئىر يازمىغانىدىم. يېقىندا بەزى ھېس ـ تۇيغۇلىرىمنى ماقالە شەكلىدە يېزىپ بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ماۋۇسى ئاشۇ ئوينىڭ تۇرتكىسىدە پۈتكەن بىر تۈركۈم شېئىرلار ۋە ھېسپۈتۈكلەردۇر. ئورتاقلىشىش ئۈچۈن مۇنبەرگە يوللىدىم.

شېئىرغا تەپسىر يېزىشنى، چۈشەنچە بېرىشنى تازا توغرا تاپمايمەن.ئەمما، ماۋۇ "سۆيۈملۈكۈم، بىز ھەممىمىز روزا موللا" دېگەن نەسرىي شېئىرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشنى تونۇشتۇرمىسام، بەزىلەر ئۆزىگە ئېلىۋېلىپ "مېنى روزا موللا دەپتۇ" دەپ قالمىسۇن. يېقىندا "ئانا يۇرت"نىڭ ئېلكترونلۇق نۇسخىسىنى، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ "ئۆمۈر داستانى" ناملىق ئەسلىمىسىنى، ئابدۇكرىم ئاباسوف ھەققىدە يازغان "تەڭرىتاغ بۈركۈتى" سىنى ئوقۇدۇم.تەسىراتىم بەكمۇ چوڭقۇر.ئاشۇ كۈنلەردە جەنۇپتىكى بىر ۋىلايەتتىن چىققان بىر ئۇيغۇر مەمۇرنىڭ ئىچكىرىگە نورمال يول بىلەن ئەرز قىلىپ چىققان ئۇيغۇر ئانىنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرغانلىقى ۋە سۆرەپ دېگۈدەك ئۈرۈمچىگە بارغانلىقى؛ "قانۇن دېگەن مەن" دېگەنلىكى ھەققىدىكى ئېچىنىشلىق خەۋەرنى ئاڭلىدىم. ئارىدا ئابدۇكرىم ئابلىزنىڭ "ياتاقتا" دېگەن ئېيتىشىدىكى "ئاغىنەمنىڭ بۇنىڭدىنمۇ جىق پاش قىلغۇدەك ئىشلىرى بار" ، "بىزگە دىل سىزدەك گۇۋاھچى لازىم" دېگەن تىپىك دىئالوگلار ئىلھام ئاتا قىلدى. ئۇنى نەسرىي شېئىر شەكلىدە يازدىم، قالغانلىرى ئەركىن شېئىر شەكلىدە يېزىلدى. قاپىيەلىك شېئىر ئوقۇشقا كۆنگەن ئوقۇرمەنلەردىن ئەپۇ سورايمەن.

## مۆشۈكياپىلاق قاراۋاتىدۇ (شېئىر)

گالدىن ئىلىنغاندا ھەممە ئىشلار يۈز بېرىدۇ، چۈشەندۇق.

بىر يۈز بىلەن ياشاپ بولغىلى بولمايدۇ، بىلدۇق.

ئۈيغۇر قاراۋۇل ياغلىقنى قول ئۇزاتتى، كۆردۈق.

كۆردۈڭمۇ،

ئېتىزلىقتىكى قارانچۇقلار كوچىغا كۆچتى،

يول ـ يولدا مۆشۈكياپىلاقنىڭ كۆزلىرى.

سېنى تىنتىۋاتقىنى قايسى كۆز؟

بىنالار قاراۋۇل، مۆشۈكياپىلاق قاراۋاتىدۇ،

يول ـ يولدا ئۆز ئادەم،

دوقمۇشلاردا ئىسسىق تىنىپ،

دىققەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغىنى بىر ئۇيغۇر.

بىر قىزغا مىڭ كۆز ؟

ياق،

يۇملاقبېشى بىلەن ئۆستەڭبويى ئارىلىقىدا مىڭ كۆز؛

بەيتۇللا بىلەن ئاق مەسچىت ئارىلىقىدا مىڭ كۆز.

سۆيۈملۈكۈم، بىز ھەممىز روزا موللا

ـ كۆردۈڭمۇ نۇررى، ئۇلار يەنە يېڭىۋالدى. (ئېلخان تۆرە، «ئانا يۇرت» رومانىدىن)

ـ ئۇنىڭ گۇناھىدا سېنىڭ گۇناھىڭ ئەكس ئېتىدۇ.(جاالىلدىن رۇمى)

بۇ بىر يۈز يېتىدىغان جاھان ئەمەس. سۆيۈملۈكۈم، بىز ھەممىز روزى موللا. ئوخشايدىغان يېرى بىز

باشقا بىر يۈز كىيىۋالغان، پىنھاندا؛ پۈرسەت ئاپتوبوسى كەلمىگۈچە ئۆزىمىزنى ئاشكارىلىمايمىز.

ئەخلاق خۇمارىڭىز تۇتماي تۇرسۇن. كېلىڭ، مىدىرىماي تۇرۇپ شۇئار توۋلايلى. ھازىر ساۋابخۇمار بولغاندىن خىتاپخۇمار بولغان تۈزۈك. زىنھار ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە بولمايدۇ. پەيتى ئەمەس، ھەم بۇ

**1933** ـ يىل ئەمەس. سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاش كېرەك.

تۇلۇم چاشقانغا سۆكۈت ئىچىدە قاراپ تۇرۇشنى ئۆيلىغان ۋە سۆكۈتىڭىزنى ئاقلاشنى ئويلىغان ۋاقتىڭىز قاچان ئىدى؟

پۈرسەت ئاپتوبوسى نەگە كەلدى؟رول تۇتقۇچىدىن سوراپ باقايلى، قاچان بېكەتكە كېلىدۇ؟ ئاپتوبوسنى ساقلىغۇچە كىيىۋالغان يۈزىمىز بىزنى تەرلىتىۋەتتى. بۇ يۈزىمىزنى قاچان سالىمىز؟

گالدىن ئىلىنىش ھارپىسدا ئەخلاقى تۇتۇپ كەتكەنلەرگە يالغان قورۇقلىرىمىزنىڭ شەكلى كۆرۈنۈپ قالسا نېمە دېيىشىمىز كېرەك ؟

## شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدا ئىككى زۇلۇم

شەرقتىمۇ، غەربتىمۇ،

كىشلەر كىتاب ئوقۇمىغىنىدىن پەخىرلىنىدۇ،

بىر ئادەم چۈش كۆرۈۋېتىپ ئويلاندىم دەپ ئويلايدۇ.

ئۇ بىر چۈش ئىدى،

سەن ئۇنى ھەقىقەت دەۋالدىڭ.

قاباھەت ئىدى،

سەن ئۇنى بېھىشباغقا ئوخشاتتىڭ.

شەرقتە دىكتاتور ئېزىدۇ،

غەربتە ،

ئستىمال ،

ۋە يەنە رىيا زۇلۇمى.

## شۆلگەي ئىنقىلابى

خام خىياللىرى ئەسەبىيلەشكەن كىشىلەر ئارىسىدا ،

كاپىتال كۇرىشى ئەسەبىيلەشكەن زېمىندا ،

ئادەم تۇگمەس ئارزۇ قاپقىنىغا دەسسەيدۇ

ۋە ھارىدۇ

ئەمما تەن ئالمايدۇ.

ئەرك ئىزدەپ غەربكە كەلگەن بىر شەرقلىق ،

بۇرۇن بايقىمىغان يەنە بىر تاشنى ھېس قىلىدۇ ،

ياكى

ئوغرىدىن قۇتۇلۇپ قاراقچىغا تۇتۇلىدۇ.

## راك بېسىلغان ئارمانمۇ؟

راك كېسىلى

سەن ئەسلى سەن بېسىلغان ئارمانمىدىڭ؟

شۇ بولساڭ ،

بېسىلغان ئارماننىڭ ساقا ئۆزگىرىشى ئۇچۇن قانچە يىللار كېتىدۇ؟

تۇنجۇققان تۇيغۇلار ئۆتكۈرنىڭ ئاشقازىنىدا ساڭا ئايلاندىمۇ؟

بېسلغان ئارمىنى تۇغلۇقنىڭ جىگىرىدىمىدى؟

- - - - - - - - - - - 2012 ـ يىل، ئۆكتەبىر، ۋايىككى ساھىلى

## ئۇيغۇرزادە: ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى كىملەر پۇچەكلەشتۈرۈۋاتىدۇ؟

ئاپتوردىن: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىدە كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان، پەخىرلەندۈرۈدىغان نۇرغۇن ئامىللار بار. ئۆزىمىزنى كەمسىتىشكە ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق. سىياسىي قۇدرەت ۋە ئىقتىسادىي قۇدرەت كۆرسەتكۈچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن باشقىلاردىن قالغۇدەك ھېچقانداق يېرىمىز يوق.شۇڭىمۇ، ئۆزۈم سىرتتا بولساممۇ "مەن ئۇيغۇرنىڭ پۇشتى" دېگەن ئاڭ بىلەن ناھايىتى مەغرۇر، كۆتۈرەڭگۈ ياشايمەن؛ ئۇيغۇر مەدەنىيەت كودلىرىنىڭ ئىممۇنتلىق كۈچىگە ۋە قىممىتىگە ئائىت يېڭى ـ يېڭى ئىشلارغا شاھىت بولىمەن.قاچانلاردا ئاسسىملاتسىيە بولۇپ كەتكىنىنى تۇيۇشقا ئۈلگۈرمىگەن مىللەت كىشىلىرىنى كۆرگىنىمدە ئۆزۈمنىڭ تاللاپ يەيدىغان، ئىلغاپ يەيدىغان بىر قەۋمنىڭ ئەزاسى بولغىنىمدىن پەخىرلىنىمەن. ھەتتا بەش ياشلىق ئوغلۇم جېنىدا سىرتتىن ئەكىرگەن ھەر قانداق يېمەكلىكنى يېيىشتىن ئالدىدا" دادا، بۇ ھالالمۇ؟" دەپ سورايدۇ. بۇ ئاددىي سوئال ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنگىچە نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنىنى مەلۇم بىر تەرەپتىن ئاممىباب ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تىپىك سوئالدۇر .

ئوغلۇمنىڭ بۇنداق سوئال سورىشى ئاددىي ئىش ؛ ئەمما بۇ سوئال ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ پەرھىز قۇدرىتىنى ھېس قىلدۇرىدىغىنى ئۈچۈن مېنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئەمما، مەسلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى كۆزەتكىنىمدە يەنە شۇنداق بىر نۇقتىنى ئازاپ ئىچىدە بايقايمەن: بىز بۈگۈن تارىخنىڭ ھەر قانداق دەۋرىدىكىدىن بەكرەك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىلغارلاشتۇرۇش، ئۇيغۇر مەدەنىيتىنى پۇچەكلەشتۈرگۈچى كىشلەر ۋە ئامىللار بىلەن

كۆرەش قىلىش ۋەزىپىسگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. سەۋەبى، شەھەرلەردە زىيالى قالپىقى بىلەن ياشىغان ئالدىنقى بىر ئەۋلاد چوڭلاردىن بىزگە ياتلىشىش مەدەنىيەت دەپ چۈشىنىلگەن بىر قاتار پۈچەكلەرچە ياشاش شەكلى، ئىلغارلىق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر قاتار غەلىتە مەدەنىيەت تۈرەلمىلىرى مىراس قالدى. ئىجتىمائىي بىنورمالىق ئۆيچە قوبۇل قىلىنغاندا، تەرەققىياتنىڭ غەلدە ـ غەشلىرى ئىلغارلىق، زامانىۋىلىقنىڭ ئەخلەتلىرى مەدەنىيلىك دەپ چۈشىنىلگەندە، بىر دەملىك نەپسى ئۈچۈن، خۇمارى ئۈچۈن پۈتكۈل مەنىيەتنىڭ پەرھىز سىستېمىسىغا خىرس قىلىپ كۆلەم شەكىللەندۈرۈشكە ئۈلگۈرگەنلەرگە كىشى"ھاي"دېيىشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالىدىكەن .

ئەمما، بىر مىللەتنىڭ ئىممۇنىت كۈچىنى ۋە مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قالىدىغان سىمۋولۇق كودلار پەرھىز سىستېمىسىدا ئەكس ئېتىدۇ ھەم پەرھىز سىستېمىسى بىر كىشىنىڭ شەخسىي مۈلكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەدەنىيىتىمىزنى پۈچەكلەشتۈرۈۋاتقانلارغا ھاي دېمەسلىككە ۋىجدانىم ئۇنىمايدۇ. بۇ قانداقتۇ پۈتكۈل مىللەتنى ئەيىبلىگەنلىك ئەمەس، ھەممىگە ئورتاق ھادىسەنى ئۇيغۇرغا ئارتقانلىقمۇ ئەمەس. ئەينەككە ئوبدان قارىساق، بۇ ھېسماقالىدە تەھلىل قىلىنغان پاكىتلاردا كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقتىن، كولېكتىپ ئاكيۇلۇقتىن دېرەك بېرىدىغان بىر مۇنچە ئامىللار بارلىقىنى بايقايمىز. ئۇ ھەقتە ئويلانماي، مۇلاھىزە قىلماي بولمايدۇ .شۇڭا بۇ ماقالە يوللاندى .

ماقالە مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان، ئەمما ئۇنى توردا پائالىيەت قىلىدىغان نۇرغۇن قېرىنداشلار كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن .

## ئۇيغۇرلاردا ئۇنتۇلغان پەرھىزلەرۋە بۇزۇلۇۋاتقان يوسۇنلار ئۈستىدە ئويلىنىش

ـ سەن ئىنسانىيلىقنىڭ ئاسىيسى، كامالەتنىڭ قاتىلى، تۇرمۇشنىڭ ئەخلىتى. بۇ تەقدىرىڭنى ئۆزۈڭ تۈزگەن .

ـ ئاتەش كەبى، ئەمما نەپسانىي ئۈمىد تەنتەكلىكىگە مەھلىيا بولۇپ تۈزگەنسەن .

ئابدۇشۈكۈرمۇھەممەتئىمىن (1934 ـ 1995)

«ئۆزۈڭنى تونۇ» ناملىق ئەسىرىدىن[1 ]

ـ بىر ئەخلاقسىز ئادەم ھەرىكەتكە ئۆتكەندە، نۇرغۇن ئەخلاقلىق ئادەم تەڭلا ئازابلىنىشقا باشلايدۇ .

ئىممەنيۇئېل كانت(گېرمانىيە ، 1804 ـ 1724) [2]

ـ بىر جەمئىيەت كىشىلىرى ئورتاق قىممەت قارىشى ياراتماي تۇرۇپ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلىيالمايدۇ ياكى قايتىدىن بەرپاقىلالمايدۇ .

ـ ئېمىل دۇركايىم (فرانسىيە، 1917 ـ 1858)[3]

## 1. مۇقەددىمە تېمىغا كىرىش

پاكىت تەھلىلى(1)

قىزلىرىنىڭ تويىدا غەرق مەست بولۇۋالغان دادىلار

قىزكۆچۈرگىلى كەلگەن يىگىتلەر بىرەر مەرتە ئۇسسۇل ئويناپ، مەرىكە كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇپ سەھنىدىن چۈشكەندىن كېيىن، كاستيۇم ـ بۇرۇلكىنى قاملاشتۇرۇپ كىيگەن،شۇنچىلىك سالاپەتلىك، قامەتلىك بىر ئادەم قوللىرىنى سانىڭ قانتىدەك كېرىگىنىچەئۇسسۇلغا چۈشتى؛ ئەمما مەيداننى بىر ئايلىنا ـ ئايلانمايلا دەلدەڭشىشكە، ھەرىكەتلىرىتىمسىز تۇس ئېلىشقا باشلىدى. پوكاندەك قىزارغان يۈزلىرىدىن، ئەلەسلىششكەباشلىغان كۆزلىرىدىن غەرق مەست بولۇپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. سەھنىدە ئالدىراشمېڭىپ يۈرگەن، قېنىق گىرىم قىلغان 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال(بەلكىم ئۇكىشىنىڭ ئايالى بولسا كېرەك) بۇ ھالدىن ئەپسىزلىك ھېس قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئىلدامقەدەملەر بىلەن بېرىپ، ئۇ ئادەمنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ چۈشۈپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى.ئەمما، ئۇ ئادەم تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ چۈشكىلى ئۇنىمىدى. ئۇدۇلۇمدا سەھنىگە قاراپتۇرغان، ياغلىقنى ياراشتۇرۇپ چىگكەن، تىپىك ئۇيغۇر چىراي بىر ئايال «ئىم» دېگەندەكقىلىپ يۈزىنى قولى بىلەن توسىۋالدى .

ـ بولدى، قويۇپ بېرىڭ. ئوينىسۇن، ئاغىنىسىنىڭ قىزىنىڭ تويىدا ئوينىماي قاچان ئوينايدۇ! ـ نېرىراقتىكى شىرەدە كەيپ قىلىپ ئولتۇرۇشقان سالاپەتلىك ئەرلەرنىڭ ئىچىدىكىبىرەيلەن ئۈنلۈك ئاۋازدا شۇنداق دېگىنىچە بېرىپ، سەھنىدىكى ئادەمگە ماسلىشىپئويناشقا باشلىدى. سەھنىگە چىققان ئايال ئوڭايسىز بىر كەيپىياتتا چۈشۈپ كەتتى .

ـ ئېىست ،مۇقەددەس نىكاھنى هارام قىلىشتى ـ دە ، مەلئۇنلار! ـ دېدى مەن بىلەن بىر شىرەدەئولتۇرغان ، ساقال قويۇۋالغان ، پاكىز قىرىغان بىر مويسىپىت كىشى .

ـ بۇكىشى ئۇنىۋېرسىتېتتا مۇئەللىم ، مېنىڭ ئىنىمغا دەرس بەرگەن ، ـ دېدى يېنىمدائولتۇرغان ، مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىرسى .

هايال ئۆتمەي ، سازچىلارنىڭ تېخىمۇ شوخ ئۇسسۇل پەدىسىگە چېلىشى بىلەن بايىقى ئەر قوپقانشىرەدىكى ئەرلەر بىراقلا سەھنىگە قاراپ ماڭدى . رىتىمسىز ، سۇپەتسىز ئۇسسۇللارئوينىلىشقا ، قەدەملەر ئالمىشىپ ، پۇتلار كالامپايلىششقا باشلىدى . قىز كۆچۈرگىلى كەلگەنىيگىتلەر بۇ هالنى كۆرۈپ كۇلۇشكە باشلىدى . كېيىنكى مۇزىكىغا قىز ـ يىگىتلەر ئويناپچۇشۇپ كەتكەندىن كېيىن ، سورۇن رىياسەتچىلىكىنى قىلىۋاتقان ئوتتۇرا بوي ، يۈزلىرىئوخشاشلا قىزارغان بىر ئادەم مىكروفوننى قولىغا ئېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى . ئەمما ،تەڭشىلىپ قالغاچقىمۇ ئەيتاۋۇر ، گېپى قولاشمايتتى . ئۇ ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ ئېيتىلغان ،قولاشمىغان نۇتۇقنى ناهايىتى ئۇرغۇلۇق ئاۋازدا: «جانابى ئاللادىن بۇ قىزىمىزنىڭبەختىنى تىلەيمىز ، ئامىن!» دەپ ئاخىرلاشتۇردى ۋە قىزنىڭ يۈزى ئېچىلدىغانلىقىنىئېلان قىلدى . سەھنىگە ئادەم تولۇشقا باشلىدى . سازچىلار پەدىنى يۆتكەپ «جان ئانا»دىگەن ناخشىغا چالدى . يۈز ئېچىش ، ئۇزۇك سېلىش ، قىزنىڭ بېشىدىن نان ئۆرۈش قاتارلىقرەسمىيەتلەر ناهايىتى تېزلا بىجا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ھەممەيلەن دۇئاغا قولكۆتۈردى . بېشىغا بادام دوپپا كىيگەن بىر ئادەم ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا دۇئا قىلدى .قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى رازىلىق بېرىشكەندىن كېيىن ، قىز ـ يىگىتلەر ئاكاردىيونساداسى ئىچىدە زالدىن ئايرىلىشتى .

بۇ2008 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدىكى بىر رېستوراندا ئۆتكۈزۈلگەن مەرىكىدە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن كۆرۈنۈش ئىدى . ئۇ چاغدا مېنىڭ يازلىق كانىكول پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۈرۈمچىگە قايتقىنىمغا بىر ئايچە ۋاقىت بولغانىدى .

ئۇيغۇرلارنىڭ مەرىكە مۇراسىمى مەدەنىيىتىدە يېقىنقى ئون ـ يىگىرمە يىل ئىچىدە پەيدا بولغان ، خېلى كۆپ قىسىم شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەزەرىدە هەيران قالغۇچىلىكى يوق بىر ئىشقا ئايلانغان يۇقىرىقى كۆرۈنۈش ـ جەمئىيەتلىشىۋاتقان چاكىنىلىقنىڭ روشەن بىر ئىپادىسى . يۇقىرىقى جۈملىدىكى چاكىنىلىق ئىبارىسى يۇقىرىقى هادىسىگە كۆنۈپ كەتكەن ، سوئال قويۇپ ئولتۇرمايدىغان ئۇيغۇرلارنى بىئارام قىلىپ ،

«بۇنچىلىك ئىشنى قانداقمۇ جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىق دېگىلى بولسۇن؟ قانداق بولسا چاكىنىلىق جەمئىيەتلەشكەن بولىدۇ؟ چاكىنىلىققا ھۆكۈم قىلىشتائاساسلىنىۋاتقان ئۆلچەم نىمە؟» دېگەن شۈبھىلىك پىكىرگە تۇتۇرۇق بولۇشى ئېھتىمال. مېنىڭنەزەرىمدە، جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىق ـ بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىچىدە بىردەك ھىمايە قىلىنىدىغان، ئورتاقلىق تۈيغۇسى ۋەمەنسۇبىيەت ئېڭى پەيدا قىلىدىغان قىممەت قاراشلىرىغا، ئىجتىمائىي مىزانلىرىغا خىلاپھالدا ئومۇملاشقان، ئەمما ئەخلاقسىزلىق ھېسابلانمايدىغان، جىنايەت ئۆلچىمىگىمۇتوشمايدىغان ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۇ ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرى ئارىسىداھەيرانلىق ھېس قىلىنمايدىغان ئىجتىمائىي بىنورماللىقتۇر. ئادەتتە جەمئىيەتلەشكەنچاكىنىلىق «تاپتىن چىققۇچىلار جەمئىيەتشۇناسلىقى越 ,Sociology of Deviance） « 轨行为社会学）دائىرىسدەتەتقىق قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى كۆرۈنۈشنى جەمئىيەتلىشىۋاتقان چاكىنىلىقنىڭ ئىپادىسى دېيىشتىكى سەۋەب شۇكى، بۇ توي مەرىكىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام يادروسىدىكى قىممەت قارىشىغا ، تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادىتىگە، جۈملىدىن مۇراسىم قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىنغان؛ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئورتاقئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ئەخلاق مىزانلىرى دەپسەندە قىلىنغان .

يەنى، ئۇيغۇرئەنئەنىسىدە نىكاھنىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇقەددەس، نىكاھ كۈنى ئەتىگىنى تۈزلۈق نان يېيىلىدۇ ۋە بۇ نىكاھنى ئۇلۇغلىغانلىقدەپ چۈشىنىلىدۇ. مۇراسىم مەدەنىيىتىدە ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر،مۇراسىملاردا ھاراق ئىچىش ئېغىر ئېلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەنئەنىسىگە، مۇراسىم مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشەنچلىك ئىلمي مەنبەلەردىن بۇ باياناغا دائىر دەلىل ـ ئاساسلارنىكۆپلەپ ئۇچرىتالايمىز. مىسالەن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىرىدىن ئابدۇكېرىمراخمان، شېرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا قاتارلىقلار بىرلىشىپ يازغان «ئۇيغۇرئۆرپ ـ ئادەتلىرى»(1996:187)، ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا يازغان «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»(258 ـ 2000:257)،ئەنۋەر سەمەد قورغان يازغان «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»(190 ـ 191: 2007)قاتارلىق كىتابلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ھاراقتىن پەرھىز تۇتىدىغانلىقى ئېنىق قەيت قىلىنغان. ئۇ مەنبەلەردىكى ئۇيغۇر مۇراسىم مەدەنىيىتىگە ئائىت بايانلاردىمۇ مەرىكە بولۇۋاتقان سورۇندا ھاراق ئىچىشكە دائىر ھېچقانداق گەپ يوق. دېمەك، يۇقىرىقى سورۇندا كەم دېگەندە مۇنداق

بىر قانچە نۇقتىدىن ئۇيغۇرنىڭ ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىدىكى يادرولۇق قىممەت قارىشىغا ئۆپچە تاجاۋۇز قىلىنىپ، جەمئىيەتلىشىشۋاتقان چاكىنىلىقنىڭ بىر ئىپادىسى ئوتتۇرىغا چىققان. بىرىنچى، هاراق ئىچىلىپ نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكىگە هارام ئارىلاشتۇرۇلغان؛ ئىككىنچى، ياشلارغا قائىدە ـ يوسۇن ئۆگىتىش، ئۆرپ ـ ئادەتتە ئۆلگە بولۇش مەجبۇرىيىتى بولغاندادىلار شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى تۇيۇماي ئۇيغۇر ئەنئەنىسىگە ئاڭلىق خىرىس قىلغان؛ ئۈچىنچى، ياشلار بىلەن چوڭلار ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپ بۇزۇلغان؛ تۆتىنچى، ئۇ دادىلارنىڭ ئۇيغۇر سورۇنلىرىنىڭ ئەخلاق ئەنئەنىسىگە قاراسۇرگەيدىغان قىلىقلىرى سورۇندىكى زور كۆپ قىسىم ئادەمنىڭ نەزەرىدە هەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىشقا ئايلانغان؛ بەشىنچى، ئۇيغۇرنىڭ كوللېكتىپ ۋىجدانىغا 集体良 (Collective Conscience ，心)، ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنى ياقلاپ كېلىۋاتقان هەم ئورتاق قىممەت قارىشىنى ئىش ـ هەرىكىتىدەئىپادىلەپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ غورۇرىغا هۇجۇم قىلىنغان .

ئەڭ يامان بولغىنى، بۇنى ئاشۇدادىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئادەم تۇيۇمىغان. بۇ خىل هادىسە ئۇيغۇرلارئارىسىدا، جۈملىدىن شەهەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا خېلى كەڭ كۆلەمدە يىلتىز تارتقان. گېزى كەلگەندە يەنە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ هادىسىنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرگەيېڭىلىق تۇيۇلماسلىقى ۋە يىلتىز تارتىشقا، جەمئىيەتلىشىشكە ئۆلگۈرىشى بۇ هەقتە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەهمىيىتىنى روشەنلەشتۈرىدۇ ۋە ئالدىمىزغا «ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن ئەنئەنىسىدە چەكلىنىدىغان ۋەئاتا ـ بوۋىلىرى يامان كۆرگەن، هار ئالغان ئىشلارغا ئۆپچە كۆنۈپ كەتتى؟ بۇ ئىشلار قانداق جەمئىيەتلەشتى؟» دېگەن سوئالنى تاشلايدۇ. چۈنكى، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ بىر ۋەزىپىسى ـ ئادەتلەنگەن تونۇش (常识 Common Sense)قا جەڭ ئېلانقىلىش .

چاكىنىلىققا دىئاگنوز قويۇشتىكى ئۆلچەم ۋە ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل «بىز كىم؟ بىز كىمنىڭ پۇشتى؟ يىلتىزىمىز نېمە؟» دەپ سوئال قويۇشتۇر. ئەنە شۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىلغاندا، جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىقنى چۈشىنىش بىر ئاز ئاسانلىشىدۇ. بۇ هادىسىنى ئىنسانشۇناسلىق، فولكلور، ئەخلاقشۇناسلىق، تارىخ، مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە دىنشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ باشقىچە تەهلىل قىلغىلىمۇ بولىدۇ.

ئەمما بىز بۇ ماقالىمىزدە مەسىلىنىجەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن، يەنى ئىنسان ھەرىكىتى بىلەن جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي سىستېمىلارئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن چىقىپ كۆزىتىمىز ۋە يۇقىرىقى نۇقتىلارنىچۆرىدىگەن ھالدا «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە جەمئىيەتلىشىۋاتقان چاكىنىلىقلارنىڭئىپادىلىرى، سەۋەبلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى نېمە؟ چاكىنىلىشىش قانداق بىر جەريان؟ چاكىنىلىشىش قانداق جەمئىيەتلىشىدۇ؟» دېگەن ئۈچ سوئالغا جاۋاب تېپىشقا تىرىشىمىز. ھەر بىر نۇقتىنەزىرىمىزنى ئۇدۇلغا ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا چەكلەنمەي، ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان تىپىك پاكىتلارنى جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىلىرى بىلەن تەھلىل قىلىپ، ماقالىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى چوڭقۇرلۇقىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىمىز. پاكىت توپلاشتا قوللانغان مېتودلىرىمىز سۈپەت تەتقىقاتىدىكى ئوبرازئانالىزى، ئېيتىم ئانالىزى، ياندىن كۆزىتىش ۋە زىيارەت قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللاردىنئىبارەت .

زامانىۋىلىق دەۋرىدە ياشىغان بىر ئىنسان ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە پۈچەكلىشىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىغا، ياشاش پرىنسىپىغاخىلاپ ئىشلارغا، ئىدىيىلەرگە، سىمۋوللارغا توختاۋسىز ئۇچراپ تۇرىدۇ. شەھەرلىشىش، زامانىۋىلىشىش، ئىجتىمائىي كونترول ۋە ھوقۇق مۇناسىۋىتى بۇ جەرياننى تېزلىتىدۇ ھەمشۇ جەرياندا مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي توپ ئىچىدە مۇئەييەن بىر مەسىلەككە، مۇئەييەنبىر يوسۇنغا ئەمەل قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ھەر بىر ئادەم يېڭى خىرىسلارغا قانداقمۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدۇ، بەزىلەر يېڭى خىرىسلارنى بىر مەزگىل مىزانئەلگەكلىرىدە ئۆتكۈزۈپ ئۆز قىممەت قارىشىغا خىلاپلىق قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا ھەرىكىتىگەبەزى ئۆزگىرىشلەرنى كىرگۈزىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا يېڭى خىرىسلارغا ئەل بولۇپ،يېڭى غىدىقلىنىشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بىر ئىجتىمائىي توپقا ئورتاق بولغانقىممەت قاراشلاردىن ۋاز كېچىشكە، گۇمانلىنىشقا، سوۋۇشقا باشلايدۇ. ئىككىنچىخىلدىكى ئادەملەر ئاۋۇغاندا بىر جەمئىيەتنىڭ ئورتاق قىممەت قارىشى ئومۇمىيۈزلۈكخىرىسقا دۇچ كېلىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ كوللېكتىپ ۋىجدانىغا خىلاپلىق قىلغان قىلمىشلىرى جەمئىيەت تەرىپىدىن جازالانمىغاندا ياكى كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئىنكاسقا، جامائەت پىكرىگە دۇچ كەلمىگەندە، ئۇنداقلارنى دورايدىغانلار كۆپىيىدۇ ھەم يادرولۇق قىممەت قارىشىغا قارشى ھالدا«تاپتىن چىققۇچىلار تارماق مەدەنىيىتى" (Deviance Subculture, 越轨亚文化) شەكىللىنىدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل ئەندىزىدە

ھەرىكەت قىلىشقا كۆنگەن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ قىلىقلىرىدىنگۇمانلانمايدىغان، ئۇنىڭغا ئادەتلىنىدىغان بولىدۇ؛ ئۆزىنىڭ قانداق مەسلەكتە چىڭتۇرۇپ، نېمىگە قارشى تۇرۇش كېرەكلىكىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ؛ ھەتتا يادرولۇق قىممەتقاراشقا، يادرولۇق ئەقىدە - پرىنسىپلىرىغا ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز يوسۇندا ئاسىيلىققىلىۋاتقىنىنى تۇيۇمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر جەمئىيەتتە كۆلەم ھاسىل قىلغاندا،تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ ھەرىكەت نۇسخىلىرى جەمئىيەتلىشىدۇ. ئىجتىمائىي بىنورماللىقئومۇملىشىدۇ ۋە كىملىك كرىزىسقا پاتقان، زىددىيەتلىك كىملىك ئىسكەنجىسىدە قالغانبىر جەمئىيەت بارلىققا كېلىدۇ. [4]

جەمئىيەتلىشىۋاتقان چاكىنىلىق ئۇيغۇرجەمئىيىتىدە ئومۇملىشىۋاتقان ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي بىنورماللىقلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، يىلتىزى ئىجتىمائىي سىستېمىلاردا؛ سەھنىسى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە، سىمۋوللۇق ئالاقىلەردە ۋە ھوقۇق مۇناسىۋىتىدە؛ جەريانى زامانىۋىلىشىش، شەھەرلىشىش مۇساپىسىدە ئەكىس ئېتىدۇ. جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر قانچە ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى - قىممەت قارىشى، پەرھىز ۋە ئىجتىمائىي سىستېمىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى؛ ئەخلاق ۋەسۋەسىسى بىلەن يادرولۇق ئەقىدە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى؛ كوللېكتىپ ۋىجدان، ئېتىقاد ۋە ئېتىقادسىزلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى؛ ھالاللىق ۋە بۇلغىنىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ يۈز نەچچە يىللىق تارىخىدا بۇھەقتە بىر مۇنچىلىغان نەزەرىيە سىستېمىلىرى تۇرغۇزۇلغان. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، بۇ ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىش ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەتشۇناسلىقتا نۇقتىلىق مۇلاھىزە قىلىنىدىغان ئىجتىمائىيلىشىش، جەمئىيەتتىن يۇقتۇرۇش، ئاممىۋىمېدىيەلەر، زامانىۋىلىشىش، شەھەرلىشىش، سانائەتلىشىش، دوراش، زىددىيەت، ئىجتىمائىي قۇرۇلما، مۇراسىم قاتارلىق ئۇقۇملارنى چۈشىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. بىز بۇ ھەقتىكتەھلىلىمىزنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن كونكرېت تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى كىرگۈزۈپ تۇرۇپ، ئېمىل دۇركايىم، تالكوت پارسونس، روبېرت مېرتون، مارى دوگلاس، ستەنلېي كوخېن، ئانتونى گىددىنس، ئېدۋارد شىللىس،لېۋ ستراۋس، گابرېل تاردې قاتارلىق جەمئىيەتشۇناس ۋە ئىجتىمائىيەت پسىخولوگلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيىلىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، ماقالىمىزنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بۆلەكلىرىدە قانات يايدۇرىمىز. نۇقسىنەزەرگە دەلىل كۆرسىتىش ئۈچۈن جەمئىيەتتە

ئابدۇكېرىم ئابلىز ئىتوتلىرىدىن ئۆگىنىپ ۋە بىر- بىرىنى دوراپ مەيدانغا كەلگەن «ئالىم بولساڭ ئالەم سىڭگى، شوجاڭ بولساڭ خانىم سىڭگى« ، »زىۋىبا شاڭ خەيپا چۆلەيلى»(ئاغزىمغا قورقاق چىقىپتۇ) قاتارلىق ئۇيغۇر پاراڭ ئەنئەنىسگە يات ھالدا ئومۇملىشىۋاتقان، «ئابدۇكېرىم ئابلىز ماقال- تەمسىللىرى» شەكلىدە تېز سۈرئەتتە يامراۋاتقان بىنورمال چاكىنا ئېيتىم ھادىسىسى، 2007- يىلدىن بېرى شەھەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇر مۇراسىمەدەنىيىتىگە مۇخالىپ ھالدا ئومۇملىشىۋاتقان ۋە «دەۋرنىڭ ئېھتىياجى» دەپ جەمئىيەتلىشىۋاتقان مۇراسىم زالىغا كىرمەي تۇرۇپ، مېھمانغا بىر پىيالە چاي قۇيمايتۇرۇپ، پۇل يىغىش ھادىسىسى؛ 2009- يىللىق باللار بايرىمغا ئاتاپ مەلۇم بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ئۇيغۇرچە سەنئەت پائالىيىتىدە 10 ياشقىمۇ توشمىغان سەبىي ئۇيغۇر قىزلىرىغا كىندىكى ئوچۇق ئۇسسۇل ئوينىتىش ھادىسىسى؛ چەت ئەلدە مەن كۆرگەن بەزى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا باللىرىغا ئانا تىلى چىقىشتىن بۇرۇن ياپونىيىدە تۇرغانلارنىڭ ياپونچە، تۈركىيىدە تۇرغانلارنىڭ تۈركچە، ئامېرىكىدا تۇرغانلارنىڭ ئىنگلىزچە ئۆگىتىش ھادىسىسى؛ ئانا يۇرتىمىزدىكى بىر نامرات دېھقان قىزنىڭ توي كۈنى ياۋروپا پاسونىدىكى توي كۆينىكى كىيىپ شىيالى ماشىنىدا كۆچۈرۈلۈش ئالدىدىكى كۆرۈنۈشنى تەھلىل قىلىمىز. جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىقنىڭ نۇسخىلىرىنى ئۆزىدە يوقكىملىكنى بېزەپ كۆرستىش، كوللېكتىپ ۋىجدانىغا ئاسىيلىق قىلىش، ماددىيلىشىش ھەم تاۋار ۋەسۋەسىسى، جاھانسازلىق كويىغا كىرىش، شەھۋەت ۋە كەيپىنىڭ دەيدىيىگە ئۇسسۇل ئويناش قاتارلىق نۇقتىلاردىن؛ ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئىجتىمائىي ئىنكاس ئىقتىدارى ئۆلۈش،ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇشچانلىقى ئاجىزلاش، زىددىيەتلىك كىملىك ۋە كىملىك كىرىزىسپاتقىقىغا پېتىش، يادرولۇق قىممەت قاراشلىرىغا ۋە ئەخلاق توغانلىرىغا چاك كېتىشنۇقتىلىرىدىن مۇھاكىمە قىلىمىز .

## 2. چاكىنىلىقنىڭ ئىپادىلىرى: راست ئىشلار خاتىرىسى

**پاكىت تەھلىلى(2)**

كىندىكى ئوچۇق ئۇسسۇل ئويناۋاتقان سەبىي قىزلار ۋە باشقىلار

2009- يىلى ماي ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ئانا يۇرتۇمدىكى مەلۇم بىر شەھەردە مەلۇم تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى

تەرىپىدىن باللار بايرىمغا ئاتاپ ئىشلەنگەن سەنئەت پروگراممىسىنىڭ سۈرەتكە ئېلىش پائالىيىتىگە قاتناشتىم. بۇ پائالىيەتنى مەلۇم بىر شىركەت خوجايىنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن ئىكەن، ماڭىمۇ تەكلىپنامىدىن بىرسى تەگدى. پائالىيەتنىڭ بېشىدا دۆلەت ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە مەدھىيىلىنىدىغان بىر قاتار نومۇرلار ئورۇنلانغاندىن كېيىن، بىر نەچچە مەيدان ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ئوينالدى. قىزىق يېرى، ئوخشىمىغان باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ئورۇنلىغان ئوخشىمىغان ئۇسسۇل نومۇرلىرىدا سەبىي قىزلار قولتۇقى، كىندىكى ئوچۇق سەنئەت كىيىمى كىيىشكەنىدى. سەبىي قىزلىرىمىز ئورۇنلىغان شوخ ئۇسسۇللاردىن خۇرسەن بولغان بولسامۇ، ئۇلار كىيگەن يېرىم ـ يالىڭاچ كىيىملەر كۆڭلۈمنى غەش قىلدى. «بۇلارنى ئاشۇ يېشىدا كىندىكى، قولتۇقى ئوچۇق كىيىم كىيىشكە مەجبۇر قىلغان نەرسە نېمىدۇ؟ ئاتا ـ ئانىلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە رېژىسورلار بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانمىدۇ؟» دېگەن ئىزتىراپلىق خىياللار كاللامدىن ئۆتتى. مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇسسۇللارنى سەبىيلەرگە بۇنداق كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ ئوينىتىش ئۇلارغا قىلىنغان زىيانكەشلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئەتراپىمغا قارىدىم. كىشىلەر كۆزۈمگە پەرۋاسىزدەك، بىر نەرسىگە ھەيرانقېلىپ ئولتۇرمىغاندەك كۆرۈندى. شۇ ئاردا خىيال ئېكرانىم ئىختىيارسىز ئاممىۋى مېدىيەلەرگەمۇناسىۋەتلىك يەنە بىر كۆرۈنۈشكە كۆچتى .

**2005** ـ يىلىنىڭ بېشىدا يېڭى خىزمەت بىناسىغا كۆچتۇق. خىزمەت ئورنىمىز شەھەر مەركىزىدىن يىراق بولغىنى ئۈچۈن ئىدارىدىن ھەر ئىككى ئادەمگە بىردىن ياتاق بېرىلدى. مەن ئايدا بىر دېجۇرنىلىك نۆۋىتى كەلگەندە، ئىدارىدىن بېرىلگەن ئاشۇ ياتاقتا يېتىپ قالاتتىم. تولا ھاللاردا كەچ سائەت توققۇز ـ ئونلارغىچە كىتاب كۆرگەندىن كېيىن، ئۇخلاشتىن بۇرۇن كۈندىلىك ئۇچۇرلاردىن خەۋەر تېپىش مەقسىتىدە تېلېۋىزورنى ئاچاتتىم ۋە قانال يۆتكەيتتىم. ئاشۇ يىلى ئۇيغۇر قاناللىرىدا كۆرگەن ۋە ئۆزۈم قەتئىي قوبۇل قىلالمىغان بىر كۆرۈنۈش ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. يەنى ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «رىشتە» پروگراممىسىدا توختىماي ئىچ كىيىم مودېل مۇسابىقىسى كۆرسىتىلەتتى. يەنە كېلىپ، بۇنداق نومۇر تەكرار ـ تەكرار كۆرسىتىلەتتى، تەكرار ـ تەكرار تەلەپ قىلىناتتى. سىز بۇنداق كۆرۈنۈشنى كۆرمەي دېسىڭىزمۇ، قانال يۆتكىگەندە ھامان كۆزىڭىزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزۈم دېجۇرنىلىك

قىلغان كېيىنكى ئايلاردىمۇ ئۈچراتقاندىن كېيىن، ئاخىرى بىر كۈنى ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئېلان بۆلۈمگە تېلېفون قىلىپ قاقشىدىم؛ بۇنداق قىلىشنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىسىگە مۇخالىپ ئىش ئىكەنلىكىنى، ياشلىرىمىزنى، سەبىيلەرنى زەھەرلەش دەرىجىسى چوڭقۇر بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم. تېلېفوننى ئالغان قىز ھۆرمىتىم ئۈچۈن گېپىمنى ئاخىرغىچە ئاڭلاپ تۇگەتتى ۋە پىكرىمنى رەھبەرلىككە يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، كېيىنكى ئايلاردا پروگراممىلاردا بۇنداق نومۇرلار بېرىلىۋەردى. ھازىر ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ شۇ خىلدىكى نومۇرلارنى داۋاملىق بېرىۋاتقان-بېرىۋاتمايدىغانلىقىدىن خەۋىرىم يوق .

## پاكىت تەھلىلى (3)

«ئابدۇكېرىم ئابلىزماقال-تەمسىللىرى»مۇ؟

2009-يىلى ئىيۇننىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىدىكى بىر نەچچە تونۇشۇم بىلەن بىر سورۇندا تاماقتا بىللە بولۇپ قالدىم. ئارىلىقتا قىزىقچىلىق قىلىشقا ئامراق بىر تونۇشىمىز كېچىكىپراق كەلدى. قارىسام، ئۇنىڭ جاۋغىيىغا قورقاقتەك بىر نەرسە چىقىپ قاپتۇ .

- ئاغزىڭغا نېمە بولدى ھوي؟ - دېدى يېنىمدىكى بىر بۇرادىرىمىز .

- زۇيباشاڭ خەيپا چۇلەيلي، - دېدىئۇ ئابدۇكېرىم ئابلىز ئىتوتلىرىدىكى گەپلەرنى دوراپ .

ئۇ ھېلىدىن ھېلىغا ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ ئۇيغۇر ئېيتىملىرىنى «تەرجىمە قىلىپ» سەھنىگە ئېلىپ چىققان گەپلەرنى ياغدۇرۇۋەتكىلى تۇردى. بۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. «تۇخۇ داڭگال چۈشەيدۇ ، ئۆچكە جاڭگال»، «دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى دەپ بويۇمدا قاپتۇ» دېگەندەك ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىنىڭ چاكىنىلاشتۇرۇلغان«تەرجىمىسى»كەلسە-كەلمىسىدۇ ئېيتىلىشقاباشلىدى .

-ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ ئىتوتلىرىنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز-دە؟- دېدىم مەن بۇ گەپلەرنى باشلاپ بەرگەن بۇرادىرىمىزگە، - مەخسۇس يادلامسىز نېمە بۇ گەپلەرنى؟

-ئانچە-مۇنچە كۆرۈپ قويىمەن، يادلاپمۇ كەتمەيمەن. ھازىر ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ گەپلىرى مودىغۇ!

- دېدى ھېلىقى بۇرادىرىمىز كۈلۈپ تۇرۇپ .

2009 ـ يىلى 12 ـ ئىيۇن ئۈرۈمچىدىكىبىر نەچچە زىيالىي بىلەن كۇچا ناھىيىسىگە لېكسىيە سۆزلەش ئۈچۈن باردۇق. بۇ پائالىيەتنى كۇچا ناھىيىسىدىكى ئىلمىسۆيەر قەلەمكەشلەردىن كۇچا ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەخمەت كىبىر ۋە ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئەھەت داۋۇتلار ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۈچىنچى كۈنى قالغانلار ئۈرۈمچىگە ئالدىراش قايتتى. مەن ئەتىسى يۇرتۇمغا بېرىشنى پىلانلىغانلىقىم ئۈچۈن كۇچادا بىر كۈن ئارتۇق تۇرۇپ قالدىم ۋە بىر قانچە ئەدەبىيات ھەۋەسكارىنىڭ ھەمراھلىقىدا جەمئىيەت تەكشۈرۈشكە چىقتىم. بۇ جەرياندا ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ئەنئەنىسىگە مۇخالىپ ھالدا سەھنىگەئېلىپ چىققان(بۇنىڭ سەۋەبىنى ماقالىنىڭ نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە قىسمىداتۇنۇشتۇرىمەن) خېلى زور كۆپ قىسىم سۆزلىرى ئوخشىمىغان ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا چىقتى. بۇ خىلدىكى يۈزلىنىشنى يۇرتۇم ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىكى ياشلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۇچراتتىم. ئەمما، قىزىق يېرى، ئاشۇ ئېيتىملارنى ئېيتىشقا زوقمەن ياشلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئاگلىق ۋە ئاگسىز يوسۇندا دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇمايتتى. چۈنكى، بۇ بەش ـ ئالتە يىلدىن بېرى خېلىلا جەمئىيەتلىشىپ قالغان ھادىسە بولغاچقا، ئۇلار بۇ توغرىسىدا ئويلىنىپمۇ يۇرمەيتتى، ھەيرانمۇقالمايتتى .

2010 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بىر قىسىم تور مۇنبەرلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يېڭىدىن تەستىقلانغان «ئەلكۈيى» مۇنبىرىدە «ئابدۇكېرىم ئابلىز ماقال ـ تەمسىللىرى» دەپ بىر تېما پەيدا بولدى. مەن چۆچۈپ كەتتىم. چۈنكى، مەن بۇ ئېيتىملارنىڭ جەمئىيەتلەشكەندىن كېيىنكى ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ يۈرەتتىم. دېگەندەك ئاشۇ گەپكە خۇشتار ياشلار مانا ئەمدىلىكتە ئۇ گەپلەرنى ماقال ـ تەمسىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ رەتلەپ چىققانىكەن. تېمىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاپ، تۇشمۇ ـ تۇشتىن چۈشۈۋاتقان ئىنكاسلار ھەيرانلىق ھېسسىياتىمنى كۈچەيتىۋەتتى. مەن ئاڭلاشقا ئۈلگۈرمىگەن ياكى ئاڭلىساممۇ ئۇنتۇپ قالغان «خۇتۇننىڭ قېرىسى تاتلىق، تۇخۇنىڭ تېرىسى تاتلىق»، «ساراڭ بولساڭ پىرى ئوينا، قېرى خوتۇندىن نېرى ئوينا»، «ئالىم بولساڭ ئالەم سىڭىڭكى، شوجاڭ بولساڭ خانىم سىڭىڭكى» دېگەندەك چاكىنا ئېيتىملار ماقال ـ تەمسىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ. غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم. سەۋەبى، نۇرغۇن ئادەم تۇيۇمايۋاتقان، كۆنۈپ كەتكەن بۇ پاخال ئېيتىملار جەمئىيەتلىشىپ ئىنتايىن يامان تەسىر

پەيدا قىلغانىدى. ئىختىيارسىز كاللامدىن: «ئۇيغۇر تىلى بىركىمنىڭ شەخسىي مۈلۈكمۇ؟ خالىغانچە پېتىقدايدىغان خامىنمۇ؟ چولپانلىرىمىزغا ئۇيغۇرپاراڭ سەنئىتىدىكى پەردىشەپلەرنى، پەرھىزلەرنى بۇزۇش ھوقۇقىنى كىم بەردى؟ تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم زاڭلىشىش كېرەكمۇ؟» دېگەن خىياللار ئۆتتى .

## پاكىت تەھلىلى(4)

ماددىيلىشىش ۋە تاۋار ۋەسۋەسىسى: بۇئادەت قاچانلاردا ئومۇملاشتى؟

ھەر قېتىم كانكول مەزگىلدەيۇرتقا قايتقىنىمدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئومۇملىشىشقا ياكى پەيدا بولۇشقا ئۈلگۈرگەن بىرەر يېڭى ئادەتنى، بىرەر يېڭى ئىشنى بايقايمەن. تويغا كەلگەن مېھمانلارغا بىر پىيالە چاي قۇيماي تۇرۇپ پۇل يىغىش ـ مەن 2007 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە قايتقاندابايقىغان ئاشۇ خىلدىكى ئىشلارنىڭ بىرى. بىر كۈنى تەكلىپكە بىنائەن ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولىدىكى بىر رېستورانغا قىز ـ يىگىت تويىغا بېرىپ قالدىم. بىر نەچچە تونۇش قېرىندىشىم بىلەن رېستوران بىناسى ئالدىدا ئۇچرىشىپ زالغا چىقىش ئۈچۈن ئۆستەگە ماڭدۇق. مەرىكە زالىنىڭ بىر تەرىپىدە مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تۇرغان ساھىبخانلارنى، يەنە بىر تەرىپىدە شىرەدە دەپتەر ـ قەلەمنى تەييار قىلىپ ئولتۇرغان ئىككى قىزنى كۆردۈم. ساھىبخانلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇشىمىزغا، ئالدىمىزدا ماڭغان بۇرادىرىمىز «يارىشقىمىزنى قويۇۋېتەيلى» دەپ قالدى. مەن شۇندىلا بايىقى ئىككى قىزنىڭ رېستورانغا كەلگەن مېھمانلاردىن پۇل يىغىشقا مەسئۇل ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئاتىغىنىمنى قويۇپ زال ئىچىگە كىردىم. رېستوران ئىچىگە قەدەم باسماي تۇرۇپ پۇل قويىدىغان ئىشنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاچقا، ھەيران بولماي تۇرالمىدىم ۋە بىر ئورۇنغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، بوش ئاۋازدا پىچىرلاپ باياتىن بىللە كەلگەن بىر بۇرادىرىمىزدىن سورىدىم :

ـ قاچانلاردا ئومۇملاشتى رېستورانغا كىرمەي تۇرۇپ پۇل يىغىدىغان بۇ ئادەت؟

ـ خېلى بولۇپ قالدىغۇ. سەن ئەمدى كۆرۈۋېتىپسەن دە! ـ دېدى ئۇ .

ـ مەن ئوقۇشقا مېڭىشتىن بۇرۇن بۇنداق ئادەت يوقتەك قىلغان، ـ دېدىم مەن .

دېمىسىمۇ مەن 2007 ـ يىلى 6 ـ ئايدائوقۇشقا مېڭىشتىن بۇرۇن بۇنداق ئادەتنى ئۇچراتمىغانىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇرۇن زالغا كەلگەن مېھمانلار چاي قۇيۇلۇپ تاماق تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن توي ئىگىسىگە ئاتىغىنىنى قويىاتتى. مېنىڭ بىلىشىمچە، بىر پىيالە چاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ ئادەتلىرىدە تۇتىدىغان رولى زور ئىدى. شۇخىلدىكى سورۇنلاردا كەلگەن مېھماندىن هال سوراش مەقسىتىدە ئاۋۋال چاي قۇيۇلغاندىن كىيىن ئاندىن باشقا رەسمىيەتلەر بىجا كەلتۈرۈلەتتى. ئەمدى كۆرۈۋاتقىنىم ئاشۇ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزگە پۈتۈنلەي يات هالدا پەيدا بولغان بىر كۆرۈنۈش ئىدى. مەن ئەتراپىمدا ئولتۇرغان تونۇشلىرىمدىن بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىدىم .

ـ ئىشقىلىپ مەن قوبۇل قىلالمايمەن، ـ دېدى بىر ئوقۇتقۇچى تونۇشۇم، بۇ ئۆتۈپ كەتكەن چاكىنىلىق، ئاچكۆزلۈك .

ـ قانداق قىلسەن ئەمدى، ـ دېدى بىر مەمۇرىي ئىدارىدە ئىشلەيدىغان يەنە بىر تونۇشۇم، ـ بۇ دېگەن دەۋرنىڭ ئېھتىياجى. بۇنداق قىلمىسا پۇل قويىماي چىقىپ كېتىدىغان قېلىنلار ئاۋۇپ كېتىدۇ .

ـ نېمىلەرگە كۆنمىگەن خەق بىز، ـ دېدى مەن تونۇمايدىغان يەنە بىر قېرىندىشىمىز، ـ بۇ ئادەتكىمۇ كۆنۈپ كەتتۇق. ئەمما، مەن بۇ ئىشنى ئىدىيەمدىن ئۆتكۈزەلمەيمەن. بالامنىڭ سۈننەت تويىنى ئۆتكۈزگەندىمۇ هەرگىز بۇنداق قىلمايمەن .

ـ مەن بۇ ئىشنى ئۇزۇن ئويلاندىم. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇرۇمچىگە يەنە ئۈچ قېتىم قايتتىم. هەرقېتىم قايتقىنىمدا بىر ـ ئىككىدىن توي باغقىنى تاپشۇرۇۋالاتتىم. كۆزىتىشىمنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، بۇ ئادەت ئۇرۇمچى ئۇيغۇرلىرىدا، مۇراسىم مەدەنىيىتىمىزدە ئاللىبۇرۇن ئومۇملىششقا، جەمئىيەتلىششكە ئۈلگۈرۈپتۇ ۋە باشقا بەزى شەھەرلەرگىمۇ تارقىلىپ بوپتۇ. مەن ئاشۇ كۆزىتىشلىرىم داۋامىدا ئۆز ـ ئۆزۈمدىن: «بىر جەمئىيەتتە ئومۇملىشىپ بولغانلا ئىش بولسا توغرا بولامدۇ؟ بۇ زامانىۋىلاشقانلىقنىڭ، تەرەققىياتنىڭ بەلگىسىمۇ؟ دەۋرنىڭ ئېھتىياجىمۇ؟» دەپ سورىدىم (بۇ هەقتىكى تەھلىللىرىمنى ۋە بۇ ئادەتنى نېمە ئۈچۈن جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىق دائىرىسىگە كىرگۈزگەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى ماقالىنىڭ نەزەرىيىۋى مۇهاكىمە قىسمى بولغان 3 ـ 4 ـ بۆلەكلىرىدىن كۆرۈڭ)

## پاكت تەھلىلى(5)

بالىلىرىمىزنى مۇشۇنداق تەربىيەلەمدۇق؟

بىر كۈنى ئىنژېنېرلىق ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان بىر تۈرك تونۇشۇم بىزنى ئائىلە بويىچە مېھمانغا چاقىردى. ئۇ كالىفورنىيەدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا دوكتورلۇقتا ئوقۇش داۋامىدا ئۇ يەردىكى بىر قانچە ئۇيغۇر بىلەن يېقىن ئۆتكەن ئىكەن. گەپتىن ـ گەپ چىقىپ، پاراڭنىڭ تېمىسى كالىفورنىيەدە ياشاۋاتقان بىر نەچچە ئۇيغۇرنىڭ ياشاش ئەھۋالى توغرۇلۇق بولۇپ قالدى .

ـ ئۇ يەردىكى بىر نەچچە ئۇيغۇر قېرىندىشىمىزنىڭ بالىلىرىغا قاراپ ھەيران قالدىم، ئۇيغۇر بالىلار ئانا تىلىدا سۆزلىيەلمەيدىكەن. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرى بىلەن ئىنگلىزچە سۆزلىشىدىكەن. بەزىلەر بالىلىرىغا داۋىد دىگەندەك چەت ئەلچە ئىسىم قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرچە ئۆگەتمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمىدىم. لىكىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ سەۋەبىنى سورىمىدىم، ـ دىدى ئۇ ۋە ئېھتىيات بىلەن قوشۇپ قويدى، ـ بەلكىم كالىفورنىيەنىڭ باشقا جايلىرىكى ئۇيغۇرلار باشقىچە يول تۇتۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن .

## پاكت تەھلىلى(6)

«چۈش كۆرۈۋاتقان» قىزلار

قولۇمدا شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» ناملىق كىتابتۇرۇپتۇ. كىتابنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ توي ـ تۆكۈن ئادىتى» دىگەن قىسمىدا ئالاھىدە بىرسۈرەت كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. سۈرەتتە ياۋروپاچە توي كۆيىنىكى كىيگەن بىر دېھقان قىزى توي كۆچۈرۈلۈشتىن بۇرۇن شىيالى ماركىلىق ماشىنىغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان بىركۆرۈنۈش بار. سۈرەتتە شىيالى ماركىلىق ماشىنا بىلەن ياۋروپاچە توي كۆيىنىكى روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىنغان .

2009 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئامېرىكىدىكى داڭلىق ئاممىباب ژۇرناللاردىن بىرى بولغان «دۆلەت جۇغراپىيىسى» دە ئانا يۇرتىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلىغا مۇناسىۋەتلىك

بەدىئىيلىكى، سەۋىيىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان سۈرەتلەر بېرىلدى. سۈرەتلەر داڭلىق فوتوگرافلار تەرىپىدىن تارتىلغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خوتەن شەھىرىدە تارتىلغان بىر سۈرەت بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق كۆرۈنۈش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . چىراغلار غۇۋا يېنىپ تۇرغان، رومانتىك تۈس ئالغان بىر دىبا (تۈنەكخانا)دا بىر جۈپ ئۇيغۇر قىز ـ يىگىت تانسا ئويناۋاتىدۇ. كومپېدىيىلىك يېرى شۇكى، يۈز تەرىپىدىن تارتىلغان ئۇيغۇر قىزنىڭ بېشىدا ياغلىق، پۇتىدا ئۆتۈك بار. بۇ بىر جۈپلەرنىڭ چىراي ئىپادىسى دىبادا تانسا ئويناۋاتقان، ئىچىشىپ ئولتۇرغان باشقا ئۇيغۇرلارنىڭكىدەكلا بىپەرۋا تۈس ئالغان. رەسىمدىكى ئوبراز ئۇنۇمىدىن قارىغاندا، فوتوگرافنىڭ قىزنىڭ ياغلىقى بىلەن زال ئىچىدىكى باشقا ياۋروپاچە كۆرۈنۈشنى ئالاھىدە سېلىشتۇرما قىلىپ رەسىمگە ئالغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ .